توختاجى روزى

# زۆمرەت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

توختاجى روزى

# نۇسرەت

( شېئىر ۋە ھېكايىلەر )

مەسئۇل مۇھەررىرى : توختى ئايۇپ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇھەررىردىن

تۇختاجى روزى 1943 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش رايونىدا زىيالى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1951 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە شىنجاڭ پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتىدا ئوقۇغان. 1962 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە يەركەن، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچى ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىدە بولغان. 1981 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

تۇختاجى روزى 1959 - يىلدىن باشلاپ شېئىر يېزىش بىلەن، كېيىنچە ھېكايىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ بىر قىسىم شېئىر ۋە ھېكايىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە

## شېئىرلار


قەلەم ئالدىم يەنە قولغا ........................ 3
زامانداشلارغا ........................ 4
باھار ئىلھامى ........................ 6
كاككۇك ........................ 7
دوست ئەمەس ........................ 9
بىر قېتىملىق مۇنازىرە ........................ 10
دوستلۇق كۈيى ........................ 11
بوغەي ئىلھامى ........................ 11
كوز لىرىكىسى ........................ 12
ئاتۇش ھەققىدە غەزەل ........................ 14
كەلدى نۇرۇز كۈنلىرى ........................ 15
ئۇزۇن سەپەر ناخشىسى ........................ 16
ئىشقى دىلدىن ئۆچمەيدۇ ئەسلا ........................ 22
قەلب گۈزەللىكى ........................ 22
مەن ھاياتقا كەلدىم قايتىدىن ........................ 23
ماي غەزىلى ........................ 27

رۇبائىلار ........................................ 28
بۇندىنمۇ گۈزەل تېخى ئەتىمىز ........................................ 29
ئەقىل بۇلىقىدىن تامچىلار ........................................ 30
ئانىجان، ئالدىڭدا تازىم قىلىمەن ........................................ 32
گۈل ئىشقى ........................................ 33
يۇرت قۇشىغى ........................................ 34
نۇزۇگۇم ( داستان ) ........................................ 37

## ھېكايىلەر

ئابدۇقادىر ھاكىم ........................................ 115
تۇختام ........................................ 122
ئاتا، مېنى كەچۈرۈڭ ........................................ 126
مۇھەببەت ........................................ 136
ئەل رايى ........................................ 147
ھىلاي « كالۋا » ........................................ 152
زۇمرەت ... ( پوۋېست ) ........................................ 165

# شېئىرلار



# قەلەم ئالدىم يەنە قولغا

بەخت دەرياسىدا ئاقتىم، ئۈمىت ساھىلىگە باقتىم،
ئىشەنچىدىن كۈچ، قۇۋۋەت تاپتىم، يېرىپ دولقۇن غۇلاچ ئاتتىم.

دەۋر ئىشقىدا يانىدىمەن، ئىجات نەغمىسى چالدىمەن.
غەزەل ئەھلىگە تالىقمەن، يېڭى نەزمىگە كۆي قاتتىم.

ئىجاتسىز قانچە يىل ئۆتتۈم، ئەلەم دەرياسىغا چۆكتۈم،
سېغىندىم ئەرك، ۋىسال كۈتتۈم، ئۈمىتتىن دىلغا شام ياقتىم.

ئۆچۈپ باشتا تۈمەن قالپاق، يېدىم دەشنام، تاياق-توقماق،
ئەجەپ تەس بولدى كۈن ئالماق، يەنە زىندانلىدا ياتتىم...

چېكەمگە قار-قىرو قوندى، پېشانەمگە قورۇق تولدى،
چىرايىم زەپىرەڭ بولدى، ھېساپسىز دەرت-ئازاپ تارتتىم.

غەزەپلەر ئەۋجىگە چىقتى، چېقىپ چاقماق قەھىر تۈتتى،
قارا تۈننىڭ كۈنى پۈتتى، كىشەنلەرنى ئۈزۈپ چاقتىم.

ۋەتەن كۆلدى، خەلق كۆلدى، پايانسىز تاغ-تاش كۆلدى،
بەختتىن كەڭ زېمىن كۆلدى، ھاياتقا كۆز قايتا ئاچتىم.

ھالال ئەجرىم بىلەن شاتمەن، بوشاقلىقتىن يىراق-ياتمەن،
ئىجات، مېھنەتتە پەرھاتمەن، ئەقىدەمدىن شىرىن تاپتىم.

ئىلىم ئەھلى ئۇرۇپ خەندان، قىزىتتى جەڭ، بۆسۈپ قورغان،
شۇ جەڭدە مەنمۇ بوپ پالۋان، مەرىپەت گۈلىنى تاقتىم.

ئۈمىت ـ ئارزۇ نىجات تاپتى، دىلىمغا نۇر ـ لاۋا ياقتى،
نىشان كۆندەك چېھىر ئاچتى، بولۇپ سۇمرۇغ قانات قاقتىم.

قەلەم ئالدىم يەنە قولغا، بېلىم باغلاندى بۇ يولغا،
باسارمەن توختىماي ئالغا، زەپەر تۇلپارىدەك چاپتىم.

1980 ـ يىل ئاپرېل، ئاتۇش

## زامانداشلارغا

زامانداشلار، «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە،
ئەجرى قىلىپ كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.»

*

يۇلتۇزلارغا خىيال بىلەن باقىمەن،
كۆك ئاسماندا گويا قانات قاقىمەن.
ئاي، مارسنىڭ ھالقىپ ئۆتۈپ مېركۇرىي،
يۇپېتېر، ... دا نۇرغا سىڭىپ ئاقىمەن.
زەپمۇ چەكسىز ـ بىپايانكەن بۇ ئالەم،
خىيالەتتە يەنە يەرگە قايتىمەن.
ۋادەرىخا! ... بىلگەنلىرىم زەررىكەن،
دىلدا بىر ئوت، شۇ ئوت بىلەن يانىمەن.
ھاياتلىقتا كېلىپ نە ئىش قىلدۇق بىز،

بۇرچى نېمە، زادى ئىنسان دېگەننىڭ ؟
دۇرۇسىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ياشاشلا،
ئۈمىدىچۇ ھەر كىشىگە ۋەتەننىڭ ؟
كۆتۈپ تۇرارنى ـ نى سىناق، ئۆتكەللەر،
ئالەم چەكسىز،

بۇرچىمىز مۇ چەكسىز دۇر.
ياشاش كېرەك ئىنسان دېگەن ئىنسانچە،
ئۇنىڭ قۇربى ئالەمدە چوڭ، تەڭسىز دۇر.
قېيىن ئەمەس دەيمەن جەسۇر ئادەمگە،
كىرپىكىدە گۆھەر كانى كولىماق.
قېيىن ئەمەس زېھنى، كۈچى، ئەجرىدە،
سەييارىدە زەپەر كۆنى تووۋلىماق.
ئەقىل، قۇدرەت ـ جاسارەت بار ئىنساندا،
يەتمەس ئاڭا ئۆزگە ھېچبىر مەخلۇقات.
ئۇنىڭ بىنا قىلغان ئىشى ئاز ئەمەس،
بىھىساپتۇر ئىنسان ئاچقان تىلسىمات.
قانچە ـ قانچە چوققىلارنى ئالدى ئۇ،
تۆھپىلىرى باھاسىز ۋە ئۆچمەستۇر.
ئىنسان يازغان شانلىق قىسسە ـ تارىختا،
ئەۋلاتلاردىن ئەۋلاتلارغا ئۆلمەستۇر.
بىراق، دوستلار ئالەمدىمۇ ئىش تولا،
تېخى ئىنسان يېنىغىمۇ بارمىغان.
گاھى ئاپەت، تىلسىم مۇشكۈل تەكتىدە،
يېتىپ، سىرلىق يىلتىزىنى قازمىغان.
ئالەم سىرى شۇنچە ھەيۋەت، كۈچلۈكمۇ.
زادى ئىنسان يېتەلمەمدۇ تەكتىگە؟

ياق !
ئىنسانلار كۈچلۈك ھامان ۋە غالىپ،
ئۇ ئالەمنى سالار چوقۇم لەرزىگە.
چېگىشلارنى ئىنسان قولى يېشىدۇ،
تىلسىملارغا ئەقلى ئاچقۇچ تاپىدۇ.
ئىرادىسى، ئىجتىھادى مۇشكۈلنىڭ،
گەجگىسىگە دەسسەپ تۇلپار چاپىدۇ.

×

كەڭ ئاسمانغا زوقۇم بىلەن باقىمەن.
مۇئەللەقتە گويا قانات قاقىمەن.
قۇچاقلىشىپ قۇياش بىلەن، ئاي بىلەن.
نۇرغا سىڭىپ يەر - كۆككە ئاقىمەن.
تەپەككۇرۇم پەرۋاز قىلار بەھۇزۇر،
ئۇ ئالەمنى چاقماقتىن تېز كېزىدۇ.
يەر - ئاسمانى بويسۇندۇرسا ئادەملەر،
كۆڭلۈم ھامان شۇ ئارزۇدا ئۈزىدۇ.
ئارزۇ ئۈچۈن لازىم قەيسەر ئىجتىھات.
ھە، ئۇنىڭسىز ئارزۇلىرىڭ كۆلمەيدۇ.
ھالال تەردىن ئالتۇن قەسىر ياسايلى،
ئۆمۈر ئۆچەر، ئەمما ئەجىر ئۆچمەيدۇ.

1982 - يىل، ئۈرۈمچى

## باھار ئىلھامى

دالا - تۈزنى ئويغىتىپ،
چوكانتالنى ئوينىتىپ،

يـۈرەكلەرنى شوخلۇتۇپ،
باھار كەپتۇ يۇرتۇمغا.
ئېچىلىپتۇ گـۈل - غۇنچە.
خۇشاللىقى كۆپ شۇنچە.
دەيدۇ گۈزەل جامالى:
« سەپ سال گـۈلگۈن تۇرقۇمغا . »
بۇ كۆركىدۇر پەسىلنىڭ،
ۋاقتى ئىشچان نـەسلىنىڭ
ئاساس سالار ئەتىكى،
خامان - خامان ھوسۇلغا.
مەن باھاردىن شاتلاندىم،
ئىش قوينىغا ئاتلاندىم.
ئاشىق بولۇپ قەلبىمدىن،
باھار ئـاتلىق دوستۇمغا.

1958 - يىل، قەشقەر

## كاككۇك

« كاككۇك ! ... كاككۇك ! ... »
يېشىل دەرەخ شېخىغا قونۇپ،
كاككۇك چىرايلىق سـايراۋاتىدۇ
شاختىن - شاخقا ئۇچۇپ
ئۆز ئاۋازىنىڭ گۈزەللىكىدىن،
بەخىرلىنىپ يايراۋاتىدۇ،
قـەدىمدىن،

بۇۋلار سۆزلەركەن كاككۇك ھەققىدە :
« سايرايدۇ ئۇ زەيىنەپ ئىشقىدا،
مۇرادىغا يەتمەي بىچارە
ئۆتىدۇ شۇنداق مۇڭ بىلەن تەنھا ـ
غېرىپلىق بېغىدا ... »
ياق !
كونىلارنىڭ رىۋايىتى ئۇ،
بۇگۇن،
كاككۇك سايرايدۇ شادىمان ـ بەختىيار.
سايرايدۇ ئۇ
يېشىل دالىلار
پەرھاتلارنىڭ ئىش سەھنىسىدە،
ناخشىسى يېپ ـ يېڭى
يۈكسەك ئاھاڭدار.
ئېتىزدا ئىش قايىنىتار ئەمگەكچىلەر،
زەربىدار بولۇپ يەڭنى شىمايلاپ.
مۇھەببىتىنى كۆيلەپ ئەمگەكنىڭ
يىگىت ـ قىزلار ئېيتقان ناخشا
يىراقلارغا كېتەر جاراڭلاپ.
« كاككۇك ... كاككۇك ! ... »
ئەنە،
دەرەختىكى كاككۇكمۇ
شۇ قۇۋۋناق شاۋقۇنغا ئاۋاز قاتىدۇ.
خۇددى مەشۇغىنى تاپقان ئاشىقتەك
قىن قىنىغا سىغماي
شوخلۇنۇپ سايرايدۇ.

ئەمگەك ئىشقىدا ياتقان مەرتلەرنى
مەدھىيلەپ
ناخشىسىدا كۆيلەۋاتىدۇ.

1962 - يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر

## دوست ئەمەس

باياشات ۋە تىنچ - خوشال چاغلاردا تاپقان دوست ئەمەس،
ياكى مەنسەپ تەختىدە تۇرغاندا تۇتقان دوست ئەمەس.
ماختىسا ئالدىڭدا ھەر چاغ ئۇچۇرۇپ كۆككە سېنى،
ئەللىتىڭنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغان دوست ئەمەس.

بىل شۇنى، ئۆتمەيدۇ تۈز ئىنسان ھاياتى ھەر زامان،
چۈنكى خوشلۇق - خاپىلىق، جاپا - ھالاۋەت جۈپ ھامان.
خاپىلىق، جاپا ئىچىدە سىنىلار چىن دوست دىگەن،
باشقا كۈن چۈشكەندە سەندىن نېرى قاچقان دوست ئەمەس.

سەن چېلىشقا چۈشكىنىڭدە بىرگە چۈشكەن دوست ساڭا
بىر نىيەت - مەقسەت بىلەن ئوت - سوغا كىرگەن دوست ساڭا،
ئۆزىدىن پەس يا ئىگىز كۆرمەي سېنى، تەڭ كۆرسە ئۇ،
شۇندا دوست - دە!
قەلبىڭگە نەپسى يېپىشقان دوست ئەمەس.

1978 - يىل، يانۋار، ئاتۇش.

# بىر قېتىملىق مۇنازىرە

(1974 - يىللىق خاتىرەمدىن)

«ئىككى مۆلچەر» ئاكتىۋى دەر: «ئەي زىيالى سەن سېسىق،
چۈنكى سەن بۇرژۇئازىيىگە باغلىغان مېھرى - ئىشىق.
ئويلىمايسەن ئىنقىلاپنى، پەن ئۈچۈن سەۋدايىسەن،
كۆپ ئۆگەنسەڭ ئەكسىيەتچى بولمىغىڭ شۇنچە ئېنىق....»
مەن دىدىم: «ئەقلى - ھۇشۇڭ بارمۇ سېنىڭ قۇشقاچچىلىك
پەدىگە چۈشمەس سۆزۈڭ چىقتى ئەجەپ يات ھەم قىزىق.
ئۆگىنىپ پەن ئەل ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئارزۇيۇم مېنىڭ
‹ئاخۇنۇم جىجىق›، كۆرۈپ ئالدىمغا كۆپ سىزما سىزىق!...»
ئۇ دىدى: «ئۇن يەتتە يىلنىڭ بىرمۇ توغرا يېرى يوق
بۇ سۆزۈمگە قارشى بولساڭ، قېنى بىر مەيدانغا چىق!»
مەن دىدىم: «تۆھمەت بىلەن پاكىتنى يوق قىلماق قىيىن
بۇڭا ئىسپات بېرىدۇ تارىختىكى ھەر قۇر يېزىق...»
ئۇ دىدى: «بارچە زىيالى ئىككى يۈز ھەم ئاغمىچى،
بىلگىنى كونا ۋە چەتنىڭ، بەك چىرىك - بەكمۇ سېرىق...»
مەن دىدىم: «ئۇبدان ياراشقاي ئۇ ئاتاق سەندەكلىگە.
ھەر شامالغا باپ ئۇسۇل ئويناش ساڭا ئادەت - قىلىق.»
يۈزىنى داپتەك قىلىپ مەغرۇرلۇنۇپ ئىلجايدى ئۇ،
«بىل شۇنى، كور شەھرىگە كىرسەڭ كۆزۈڭ تورسۇن قىسىق.
باق زامانغا، ئويلا ئىقبال، تاشلا كىتاب - دەپتەرلىنى،
بولىدۇ ‹سىنىپى كۆرەش›، ‹پىپەن› نىلا بىلسەڭ پىششىق»
مەن دىدىم: «كۆپ جۆيلىمە، ياقماس قۇلاققا سۆزلىرىڭ،
مەرت - قىران بۈركۈت بولۇش ھىچ توخۇغا بولماس نېسىپ.

يەن گويا چەكسىز دېڭىز، مەن ئۇنىدىكى ئاددى بېلىق
بىلىسەم ئەل ـ خەلق ئۈچۈن، شۇندىن كېلەرتەلەي ـ رىسىق!...»

1976 - يىل، ئاتۇش

## دوستلۇق كۆيى

مېھرىمدە سۇغاردىم دوستلۇق گۈلىنى
ئېچىلدى پورەكلەپ، چېچىپ خۇش پۇراق.
دالىڭ خار ئۇۋۇل ① دىن تىيانشانغىچە،
تۇتاشقان رىشتىمىز،
شۇنچە چىڭ ھەر ۋاق.
تاۋارنى پەتنۇس قىپ، تۇتتى شاراپنى،
موڭغۇلنىڭ گۈزىلى چوڭقۇر ھۆرمەتتە.
بىر قولۇم كۆكسۈمدە، ئالدىم مەنمۇ ھەم،
ياڭرىدى تۇققانلىق كۆيى شۇ پەيتتە ...

1979 - يىل، ماي

## بوخەي ئىلھامى

يەرمۇ كۆك، ئاسمانمۇ كۆك،
دولقۇنلىغان دېڭىزمۇ كۆك.

① دالىڭ خار ئۇۋۇل ـ ئىچكى موڭغۇلدىكى مەشھۇر تاغ.

كۆز چاقنىتار زۇمرەت سۈيى،
جەننەت ئىكەن بوخەي بويى.
ئۆركەشلىگەن دولقۇنلىرى،
نەغمە، ئىكەن شاۋقۇنلىرى.
ئۇپۇقتىكىن لىۋى ئۇنىڭ،
قەيەردىكىن چېكى ئۇنىڭ؟
زوقۇمنى تارتتى ئۆزىگە،
مەپتۇن قىلىپ شوخ كۈيىگە،
قالدىم قاراپ ئۇزاققىچە،
كۆزۈم تىكىپ يىراققىچە.
ۋەتەن ! ـ دىدىم خوشاللىنىپ،
ئالدىم قەلەم ئىلهاملىنىپ.
ئۆركەشلىدى دىلىدا غورۇر،
مېھرىم شۇ تاپ بوخەيگە جۆر.

1979 ـ يىل، ئىيون، دالىيەن

## كۈز لىرىكىسى

كۈز كەلدى
قەلبىمدىن شېئىرى سۆز كەلدى،
ئېھ، بۇ كۈز زەپمۇ ئېسىل ـ ئۈز كەلدى.

× ×

دالىلار، ئېتىز ـ قىرلار، چىمەن باغلار،
ھۆسنىنى تۈزەپ گۈزەل كىيىنىپتۇ.

كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ ياسىنىشىپ،
جۇلالىق زەر ئېسىشىپ بېزىلىپتۇ.
دەل ـ دەرەخ ئىغاڭلىشىپ ئۇسۇل ئوينار،
سۆيۈشۈپ سۆيگۈسىدىن بەزمە قۇرۇپ.
دىللارنى مەپتۇن قىلار جۆر بوپ ئاڭا،
خوشناۋا بۇلبۇللىرى نەزمە ئوقۇپ.
شىۋىرلاپ سالقىن شامال سۆيۈپ يۈزنى،
قوشاققا ئاھاڭ قوشۇپ ئۆتۈشىدۇ.
مەجنۇنتال تۆۋلىرىدە يىگىت ـ قىزلار،
مۇھەببەت شارابىنى تۇتۇشىدۇ.
قاياققا كۆز تاشلىساڭ ئەلۋەكچىلىك،
مېۋىلەر قىيامىغا تولۇپ پىشقان.
خۇش پۇراق چاچار ئەترە جىمى يەرگە،
هالال تەر ھوزۇرىنى كۆرەر ئىشچان.
ئامبارلار تولۇپ كەتكەن ئاشلىق بىلەن،
كۆڭۈللەر يايرار راسا شاتلىق بىلەن.
تولۇپتۇ دەستىخانلار ياڭزا ـ ياڭزا
شېرنىلىك، نازۇ ـ نېمەت، تاتلىق بىلەن.
يەلكەندەك ئۈزۈشىپ شوخ پاختىكارلار،
ئېتەككە ئاق بۇلۇتلار تولدۇرۇشقان.
تەشۋىشسىز، ئازادىدۇر دىخان كۆڭلى،
قەلبىگە شاتلىق، ئىشەنچ تولدۇرۇشقان.
گۈكىرەپ يەر ئاغدۇرار تىراكتۇرلار،
بۇ كۈنلەر تېرىم ئۈچۈن بەلەن پۇرسەت.
مۇنبەت يەر قۇچىقىغا چۈشكەن ئۇرۇق،
قىشچە ئانا يەردىن ئېمەر شەربەت.

ئىپاردەك پۇراق چاچار باغ - ۋارانلار،
كۆپۈلدەپ، لەززەت بېرىپ دىماقلارغا.
كۈز پەسلى مەمۇرچىلىق ئېلىپ كەلدى،
تاغ، ئېدىر، شەھەر، يېزا - قىشلاقلارغا.

ھە، بۇ كۈز بولەكچىلا گۈزەل كەلدى،
دىللاردىن ئۈنى كۈيلەپ غەزەل كەلدى.
تېخىمۇ ھۆر، بایاشات كۈنلەر ئۈچۈن،
ئىشلەشكە كەڭرى پۇرسەت - مەھەل كەلدى.

1980 - يىل، سېنتەبىر، ئاتۇش

## ئاتۇش ھەققىدە غەزەل

ئانا يۇرتۇم ئاتۇشۇم، قوينى چىمەنگاھ - لالىزار،
ئوڭ سولىدا كۆكنى سۆيگەن كۈمۈش باشلىق تاغ ياتار.

تاغ گويا ئالتۇن ئۈزۈك، يۇرتۇم ئۇنىڭ ياقۇت كۆزى،
ھۆسنىدىن جەننەت خىجىلدۇر، مېھرىدىن نۇر - زەر چاچار.

داڭقى بار «ئەنجۇر ماكانى» دەپ ئۇنىڭكى ئەل ئارا،
خۇش پۇراقلىق ھىدىغا بۇلبۇللىرى ئاشنا دىيار.

مەرت، زىرەك ئەمگەك سۆيەر خەلقى باھادىر - قەھرىمان،
ئەجرىدىن تاشلىقتا پەيدا قىلدى گۈل - لالە، ئانار...

مەن ئانا يۇرت قوينىدا، يۇرتۇم يۈرەگىم باغىدا،
سۆيگۈ - مېھرىم پەرۋىشىدە تۆت پەسىل ئوخشاش باھار.

ئـۇ بۈگۈن سۇمرۇغ بولۇپ قاقتى قانات ئىقبالىمىزى،
ئاشۇ يۇرتىمنىڭ ئەقلىمەن! قەلبىمدە چەكسىز ئىپتىخار.

1981 - يىل، ئاتۇش

## كەلدى نۇرۇز كۈنلىرى

كەلدى نۇرۇز كۈنلىرى، كۈلدى چېچەك - گۈللىرى،
ئوقۇلدى شۇ گۈللەرگە، قەلەمداشلار كۈيلىرى.

قۇرۇپ ئىناق بەزمىنى، ئەيتار قوشاق - نەزمىنى،
پار كەلگەچكە ھەممىنىڭ مېھرى بۇلاق دىللىرى.

بىرسى ئۇسۇل ئوينايدۇ، بىرسى سازنى سازلايدۇ،
ھەسەل - شەربەت ياغدۇرار بۇلبۇل بولۇپ تىللىرى.

ناخشىلاردىن كۆردۈممەن، ئىرادىسىن بىلدىممەن،
تىۋتلىشىشكە تەئەللۇق ئىكەن پىكىر - ئويلىرى ...

كەلدى نۇرۇز كۈنلىرى، كۈلدى چېچەك - گۈللىرى،
تولدى شاتلىق - بەزمىگە، قىيان دەريا بىرىلىرى.

بـۇ ھارپىسى باھارنىڭ، گۈزەل، چوغلۇق ناھارنىڭ،
قىزلار تېخى بۇندىنمۇ، ئەتىكى خوش تويلىرى.

1981 - يىل فېۋرال، ئاتۇش

# ئۇزۇن سەپەر ناخشىسى

## 1

ئەجدادلارنىڭ ئىسسىق قېنىدىن،
چېچەر ئاچقان بۈگۈنكى دەۋران.
بۇرچىمىزدۇر گۈزەل ئەتىگە،
ئەجىر قىلىش، پىدا قىلىش جان.
باغلىغانمىز شۇ نىشان ئۈچۈن،
بېلىمىزنى ئىشەنچ - ئىرادە،
كەمىردە چىڭ - مەھكەم قىلىپ.
قانداقمۇ چىن ئىنسان دىگۈلۈك.
گۈزەل ئارزۇ،
شىرىن لەۋزىدىن،
بەل بوشىتىپ كەتكەننى يېنىپ ؟ .
ئىقبال ئۈچۈن قەلبىمىز يالقۇن،
ئىلگىرىلەيمىز قۇچۇپ شەرەپ - شان.
هالال تەردىن
ۋە شۇ شەرەپتىن،
تارىخ بېتىگە پۈتۈپ ماڭىمىز،
مەڭگۈ ئۆچمەس جەڭگىۋار داستان.

*　　　*

چىقماس ئەستىن كۆرەشچان يىللار،
ئوت يالقۇنى
پۈرۈخ ئىسلىرى،

دەھشەت سېلىپ ئەلنى قاپلىغان.
زىندانلاردا
مەيدان
يوللاردا،
زاۋۇت ـ خاكىدا
ئېتىز ـ خاماندا،
تۆكۈلگەن شۇ بىگۇنا قانلار،
شاۋقۇنلۇق دەرياغا قوشۇلغان شۇ ئان.
ئاتىلىنىشقان جەڭ مەيدانىغا،
جىڭگاڭشەندە
تىيانشاندىمۇ،
بىر نىيەتلىك
ئىنقىلاپ ـ تۇمەنلەپ،
باتۇر ئەۋلاد ـ قەھرىمان ئوغلان.
ئويلىغانمۇ ئۇلار جېنىنى؟
ياق، ياق!.
ئەسلا خىيالىغىمۇ،
كەلتۈرمىگەن تەنھا بەختىنى.
پاچاقلاش ئىدى ئۇلار نىشانى،
جاھالەتلىك دوزاق يارا تقان،
قارا تۈننىڭ چىرىك تەختىنى.
ۋە يارىتىش ئەۋلاتلار ئۈچۈن،
ھاياتبەخش ئەركىنلىك گۈلى،
پورەكلىگەن بەختىيار زامان.
كۆلدى ئاخىر
خاراپلىق، غۇربەت

باسقان ئەلدە
مىليونلار كۈتكەن
شېرىن ئۈممەت، ئارزۇ ۋە ئارمان.

2

... ئوتتۇز يىلنى ئۆتكۈزدى باشتىن،
شۇ مەرتلەرنىڭ تۇنجى ئەۋلادى.
تېخىمۇ ھۆر كەلگۈسىنى دەپ
جەڭ قىزىتتى.
ۋە لېكىن يىللار،
تۈز ۋە تېز ئۆتمىدى زادى.
شىرنە ماراپ بەخت بېغىدىن،
رو چىۋىنلار قۇتراشتى ھەر يان.
پەرى بولۇپ ياسىنىپ جىنلار،
كۆتىرىشتى غەلىتە چۇقان.
قىزىل تونىنى كىيىپ ئۈستىگە،
ئۆملەشتى تەختكە قاراپ.
قان ـ تەر بىلەن يارالغان گۈلشەن ـ
گۈلىستاننى، بۇزۇپ ـ چەيلىشىپ،
قىلماق ئىدى مەقسىدى خاراپ.
جاقىراشتى :
« غۇربەتچىلىكتە
نامراتلىقتا ئۆتمەكلىك شەرەپ.
ياخشى تۇرمۇش ـ كاپىتالىزىم،
بۇ ئاپەتنى قىلماڭلار تەلەپ ... »

جاۋۇلدىدى ئاغزىدا ، ئەمما،
خەلق تۆككەن قان - تەر ئەجرىدىن
تەييارلاشتى مەي - شاراپ ھەدەپ.
بەختىمىزنى رومكا ئىچىدە
تۇگەتمەكنى ئارزۇ قىپ،

قەستلەپ.

تايتاڭلىشىپ، ئېشىپ ھەددىدىن،
ياۋۇزلۇقتا كېتىشتى ئەدەپ.
ئەركىنلىك دەپ قېنىنى تۆككەن،
ئەل بەختى ئۇچۇن جېنىنى تىككەن،
نى - نى ئاقچاچ جەسۇر جەڭچىنىڭ،
پۇت - قولىرى چۇشەلدى شۇ ئان.
تۇشمۇ - تۇشتىن كالتەكنى تەگەپ،
ۋەھشىلىشىپ چاپلاشتى بوھتان.
تەر تۆككەنلەر خارۇ - زار بولۇپ،
كوزا چاققان ئەزىز سانالدى.
قان - تەر بىلەن يېزىلغان تارىخ،
تىۇساتتىنلا قارا بويالدى.
ئىنگەللىدى ھوقۇش ھوۋلىشى،
بۇلبۇللارنىڭ خۇش ناۋاسىنى.
ئىنگەللىدى سېسىق بۇرۇختۇم،
گۈلىستانلار ساپ ھاۋاسىنى.
تېچ بولمىدى زادى بىۇ ماكان،
ئەلنىڭ زايى بولدى زور قىيان.
قەھىر - غەزەپ چاقمىغى چاقتى،

نىقاپلىرى كۆيۈپ - كۆل بولۇپ،
ئالۋاستىلار بولۇشتى گۇمران.

3

قۇچاقلاشتى ئىلھام قايتىدىن،
بەخت بىلەن
ئەركىنلىك بىلەن.
بولدى يالقۇن ئۈمىت چىرىغى،
يېڭى ئۇزۇن سەپەر باشلاندى،
كۆزلەپ ئىقبال سۆيۈملۈك ۋەتەن.
ئۇلۇغ يۇرۇش داۋانلىرىدا،
زەپەر تۇغى قانلىقتا جەۋلان.
ئەجدادلارنىڭ تىلەكلىرىدىن،
ئىپار كەبى خۇش پۇراق چېچىپ،
ئېچىلماقتا لالە يۈ - رەيھان.
يېشىلمەكتە قوللاردا بۇگۇن،
نى - نى مۇشكۇل، تىلسىمات - تۈگۈن.
پەرھادنىڭ كۆرسە شىرىنىنىڭ
تۆكۈلمەمدۇ شاتلىقتىن يېشى ؟
كۈلدى دىلنىڭ مېھرى - ئىخلاسى،
كۈلدى ئۈمىت، تەخمىن - قىياسى.
بىز بىلىمىز :
ئايرىلماس پەقەت
ئىلىم - پەندىن ئەلنىڭ كۈلمىشى.
چولپانلارنىڭ ياش ھەمرايىغا،

قايىل بولۇپ كۆك پەرىسىنىڭ،
ھۆرمەت بىلەن ئىگىلدى بېشى.
پەرۋاز قىلىپ سامان يولىدا،
ئۆتتەك يېنىپ ئىقبال كۈيىدا،
ياراتماقتا مۆجىزىلەرنى،
ئەلنىڭ سانسىز مەرت قىران قوشى.
تۆت ئۇچقۇر ئات بارماقتا ئۆزۈپ،
بىر بىرىنىڭ بولۇپ قولداشى.
شۇ تاپ ئەنە، سەييارىلارنىڭ،
چېكىسىدە ئاشۇ مەرتلەرنىڭ،
قىسىپ قويغان قىزىل غۇنچىسى.

*   *

جان پىدا قىپ تۆكۈپ ئىسسىق قان،
داغدام يولنى ئەجداتلار ئاچقان.
ئىلگىرىلەيمىز ئاشۇ يول بىلەن،
كۆكرەك كىرىپ ئىستىقبال تامان.
يارىتىمىز پۈتۈن ئالەمدە،
بۈندىنمۇ ھۆر
بۈندىنمۇ گۈزەل،
دىيارلاردا سۆيگەن بەختىيار زامان.

1980 - يىل، ئاۋغۇست، ئاتۇش

## ئىشقى دىلدىن ئۆچمەيدۇ ئەسلا

« گۈل ـ زېمىننىڭ گۈزەل زىننىتى،
خۇش پۇرىقى دىللارغا شىپا ... »
دېسەم،
بىرسى دېدى : « شۇنداغۇ،
ئەپسۇس، ئۆمرى تولىمۇ قىسقا.
دېدىم : « ئۇزۇن بىبەھرى ياشتىن،
بەھرى گۈلدەك بىر كۈنمۇ ئەلا.
ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ ئۈنىڭ،
ئىشقى دىلدىن ئۆچمەيدۇ ئەسلا. »

1981 ـ يىل، ئىيۇن، ئاتۇش

## قەلب گۈزەللىگى

قوللۇرۇڭدا دەستە ـ دەستە گۈل،
چىرايىڭدا كۈلكە ـ تەبەسسۇم.
دېدىڭ : « گۈللەر چاچقاچ خۇش پۇراق،
يايراپ كەتتى قەلبىم ـ ۋۇجۇدۇم.
يۈرۈگۈمدىن سۆيىمەن گۈلنى،
گۈل، گۈزەللىك سىمۋولىدۇر.
بولسا گۈلدەك ھۆسنى ئادەمنىڭ،
چىن مۇھەببەت چاچار پارلاق نۇر ... »
تولۇق ئەمەس كۆردۇم سۆزۈڭنى،
چىن گۈزەللىك چىرايدا بولماس.

نۇر چاچسا قەلب گۈزەللىگى،
مۇھەببەت، ئۇ لەززەتكە تولماس.

1981 - يىل، ئىيۇن، ئاتۇش

## مەن ھاياتتا كەلدىم ۋايىتسىدىن

1

ئىرتەتۇز بەشتىن ھالقىدى يېشىم
ئوتتۇرا ياشلىققا بوپتىمەن تالىق.
ئۆز - ئۆزۈمگە سىرئال قويىمەن:
نە ئىش قىلدىم شۇ ياشقا لايىق؟
بۇ ھاياتنىڭ مەنىسى نىمە،
يەتتىم ئۇنىڭ قەدرىگە قانداق؟
ئەلنىڭ شاتلىق ۋە قايغۇسىغا
بولدۇممۇ - يوق مەنمۇ تەڭ ئورتاق؟
بەردى جاۋاپ ئۆتكەن كۈنلىرىم:
ئۆتتى ياشلىق لاي سۇدەك ئېقىپ.
يوق «ئەپسۇس» نى ئالغۇدەك قاچا،
(ئىشمۇ پۈتمەس قۇرۇق «ئەپسۇس» تا)
مېگىش لازىم ئالدىغا بېقىپ.
لېكىن بولماس ئەسلىمەي ئۇنى،
كۆتەرمىدىم (ئىقرار قىلىمەن)
پۈتۈن ئون يىل ئەلنىڭ يۈكىنى.
بارنى بۇزۇپ - چېچىپ تۈگەتتۇق،

ئويلىماستىن ئالدى ـ كەينىنى.
توپا سالدۇق ئۆز رىسقىمىزغا،
تەلۋىلىكتە چىقىپ ئۇچىغا.
« ئۇلۇغ » غا قارشى « سول » غا ئات سالدۇق،
« سول » دا قىزىپ كەتتۇق يىراقـقا،
ئونتۇمىدۇق « جىن » نى ھەر سۆزدە،
بەزەن ھەتتا ؛

دەرەخ ھەم گۈلمۇ

كۆزىمىزگە « جىن » دەك كۆرۈندى.
«جىن » غا قارشى جەڭ لازىم، دىدۇق
شۇ جەڭلەرگە يېڭىدىن ـ يېڭى،
سەپ ۋە چارە، سورۇن تۈزۈلدى.
پۈتىمىزدا تەپتۇق باغۋەننى،
ئاغزىمىزدا نەشپۈت يەپ تۇرۇپ.
شەك كەلتۇردۇق ئانا سۈتىگە،
نومۇس، ۋىژدان دىگەننى ئۇنتۇپ.
ئادەم تۇرۇپ « يوق » كە ئايلاندۇق،
« تۇلپار » لىقتىن بىكار تەلەتكە.
قىپقىزىلۇسىنى، بۇلبۇلنى قوغلاپ،
شاتۇتىنى باقتۇق سۆلەتكە.

*　　　*

ئاھ، شۇ مېنىڭ ئالتۇن ياشلىغىم،
شۇ يىللارنىڭ بولدى قـۇربانى.
مەن ۋە مەندەك مىڭلىغان ياشنىڭ،

نابۇت بولدى گۈزەل ئارمانى.
يېتەلمىدۇق ئويلاپ ئۇ چاغلار،
«جىنگەمىز» نىڭ ئاقىۋىتىنى.
ئالدىنقىلار بىزگە نە قالغان،
كىملەر ئۇچۇن تۆككەن قېنىنى؟!
«دۈشمەن» بولدى بەختىمىز ئۇچۇن،
جانىنى تىككەن جەسۇر ئەجداتلار،
بىلەلمىدۇق ئاق يا قارىنى.
قايمۇ قۇشتا ئۆستى ئەۋلاتلار.
ئىلىم - پەننى قاغىدۇق راسا،
نادانلىقتا بەردۇق مۇھەببەت.
دوستىمىزنى ياۋ - دۈشمەن دىدۇق،
تەخسىكەش ۋە پاخپاق تۈلكىلەر،
غادىيىشىپ تېپشتى ھۆرمەت.
تاشتى سەۋرى، نەپرىتى ئەلنىڭ،
بۇرۇختۇملۇق ئاشۇ دەۋرانغا.
ۋەتەن رايى، خەلقنىڭ رايى،
ئايلاندى زور قىساس - قىيانغا.

II

قۇچاقلىدى باھار قايتىدىن،
ۋەتىنىمنىڭ تاغ - دەرياسىنى.
جاراھەتلىك مىليون يۈرەكلەر،
تاپتى سۆيگەن يار - شىپاسىنى.
شۇ باھاردىن توغۇلۇپ مەنمۇ،

خەندان تۇرۇپ باقتىم ھاياتقا.
«ئوغلۇم» دىدى ئانا ۋەتىنىم،
يەنە ئىسسىق باغرىنى ئاچتى،
ئېرىشتۇرۇپ ئارمان ـ مۇراتقا.
ۋاراقلىدىم ئۆتكەن ئۆمـۈرنىڭ،
دەپتىرىنى بىر ـ بىر ئاختۇرۇپ.
ۋەتەن ئۈچۈن تـۇزۇگرەك تـۆھپە،
تاپالمىدىم زادى ياقتۇرۇپ.
قۇرۇق ئىكەن ھايات دەپتىرىم،
ئالتۇن ياشلىق بىكار ئۆتۈپتۇ.
ئەل ئالدىدا، ۋىژدان ئالدىدا،
ياشلىق ئۆمرۈم قەرزگە پېتىپتۇ.
خىجىللىقتىن قىسىلدى يۈرەك،
تـەرىپلەش تـەس تـىل بىلەن بۇنى.
ئەيپلىكمەن،

ئەمـما ۋەتىنىم،
ئاتىمىدى ئەيىپلىك مېنى.
ئېخ، ۋەتىنىم،
سۆيۈملۈك ئانام!
چۈشىنىمەن سېنىڭ قەلبىڭنى.
نى ـ نى ئۈمىت، نى ـ نى ئىشەنچتە،
باققان ئىدىڭ تۆكۈپ ئەجرىڭنى.
مەن خىجىلمەن سېنىڭ ئالدىڭدا،
مۇۋىسى يوق دەرەخلىكىمگە.
بىراق مېنىڭ بەدەنلىرىم ساق،
كۆر، ئەمدىكى بـۇ باھارىمدا،

قايتا ياشناپ چىچەكلىشىمگە.
ئەمدى بىلدىم، هايات دېگەن سۆز،
ئىگە ئىكەن كەڭرى مەنىگە.
ئۇلۇغ ئىكەن تامچە قەتىرىمۇ،
يۇرىكىمدىن ئاتسالڭ ئەلگە.
هالال تەرىم، ئىجادىم بىلەن،
مەن قەرزىمنى قىلىمەن ئادا،
مەڭگۇ مەزمۇت «ۋىنتا» بولىمەن،
ئەلنىڭ بۈيۈك پاراۋۇزىدا.
ئەل ئىشىمدىن بولمىسا رازى،
ياشىغىنىم، دەيمەن جىنايەت.
هاياتىمنىڭ ئالتۇن مىزانى
ئەلنى سۆيۈش، ئەلگە ساداقەت!

1981 - يىل، ئىيول، ئۈرۈمچى

## ماي غەزىلى

كەلدى يېتىپ ئۇلۇغ ماي،
شات شوھرىتى مول ۋە باي.
تەبرىكلىدى دىلىدىن،
ئوقۇپ نەزمە ھەممە جاي.
ئەمگەك سۆيەر خەلقىنىڭ،
تۈمەنلىگەن قەلبىنىڭ.
قۇدرىتىنى نامايان،
قىلدى شانلىق - قۇتلۇق ئاي.

بۈگۈن دەۋران باشقىچە،
كۆلدى قىرى ياشقىچە.
دەيدۇ ھەممە: «كەڭ جاھان،
لەيلىزارغا ئايلانغان.»

قۇتلۇقلايمىز سېنى ماي،
شان - شۆھرىتى ئۇلۇغ ئاي.

1982 يىل، ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## رۇبائىيلار

خەلقىڭگە بەرگىن بەھرىڭنى،
دۈشمەنگە چاچقىن قەھرىڭنى.
ۋەتەنگە تۆككىن قەترىڭنى،
ئەجرىڭدىن تاپارسەن قەدرىڭنى.

* *

تارىخنى پەقەت خەلق يازىدۇ،
ئەلگە نە قىلساڭ شۇنداق يانىدۇ.
ئەلنى سۆيگەنلەر ھۆرمەت تاپىدۇ،
ئەلنى ئۇنۇتقان نەپرەت ئالىدۇ.

* *

ئەلگە سادىق، باتۇر ئوغول بول
مېھنىتىڭدىن ئېچىلدۇرۇپ گۈل.

بېغشلىساڭ ئۆمرۈڭنى ئەلگە،
بولمايمەن غەم ـ پۇشايمانغا قۇل.

*　　*

ئىلىم ـ پەننى ئىگەللەپ پىششىق،
ئاڭا باغلاپ چىن مېھىر ـ ئىشق.
تىرىش ـ تىرماش قورقماي جاپادىن،
ساپ تەرىڭدىن كېلىدۇ رىسىق.

*　　*

سۆلەتۋازلىق ئەخمەقنىڭ ئىشى،
ئىشچى غال ـ غال، پال ـ پۇلدۇر تېشى.
ئېرىشىدۇ ئەل ھۆرمىتىگە،
پەقەت كەمتەر، ئىجاتكار كىشى.

*　　*

مىڭ ئۇلاققا يوكتور قۇرۇق گەپ،
يوق ئۇنىڭدىن ئەلگە زەررە نەپ.
قەترەڭ بىرلە ئېچىلسا لالە،
ئەل «بالام!» دەر سېنى قەدىرلەپ.

1981 ـ يىل، فېۋرال، ئاتۇش

## بۇندىنمۇ گۈزەل تېخى ئەتىمىز

باھار نۇرىغا چۈمۈلدى ئەتراپ،
سۆيۈندى دىللار، كۆڭۈللەر يايراپ.

ياڭراتتى شاتلىق ناۋالىرىنى،
تۇلپارلار كىشنەپ، بۇلبۇللار سايراپ.
ھەئە، بۇ يىلقى باھار بۆلەكچە،
يېڭىچە مەزمۇن بەرگەچ دەۋرىمىز.
تۆتلىشىشنىڭ زور دولقۇنلىرىدا،
شان ـ زەپەر قوچۇپ ئۆزگەچ خەلقىمىز

*
*

باھاردا بايرام بۇ يىل بۆلەكچە،
ۋە باشقىچىدۇر بىزنىڭ بەختىمىز.
كۆتىرىلمەكتە ئىقبال سۇبھىسى،
بۇندىنمۇ گۈزەل تېخى ئەتىمىز.

1983 - يىل، فېۋرال، ئۈرۈمچى

# ئەقىل بۇلىغىدىن تامچىلار

غايە

كوممۇنىزىم بۈيۈك غايىمىز،
ئۇ ھاياتنىڭ گۈزەل گۈلشىنى.
غايە ئۈچۈن جەڭ قىلغان كىشى،
ئەۋۋەل دىلدا قۇرغۇلۇق ئۇنى.

تاتلىق

ھەممە كىشى ئۆزى بىلگەنچە،
سۆزلىشىدۇ «تاتلىق» توغرۇلۇق.

مەن ئېيتىمەن: ئۆزەڭ تەر تۆكۈپ،
تـاپساڭ تاتلىق ھەتتا تېرىق ـ سۆك ...

## جىگدە

ئـۆسەر خۇش بۇي جىگدە دەرىخى
تالالىماستىن يەرنى ھـېچقاچـان.
چىمەنزارنىڭ مەرت جەڭچىسى ئۇ،
قاقاس بىلەن جەڭ قىلار ھامان.
جىگدىچىلىك خىسلەت بولمىسا
سېنى قانداق دېگۈلۈك ئىنسان؟ ...

## «قارا يىپ»

بىر ئارامسىز چاغ ئىدى، ئۈستۈمدە تۆھمەت، تىل ـ تاياق ...
«قارا يىپ» دەپ بەزىلەر كىيگۈزدى سەت قالپاق ـ تۇماق.
مەن دېدىم: بوپ يالماۋۇز، ئوتلار قويۇپ، ئەلنى تالاپ،
بولغىنىمدىن «ئىنقىلاپچى»، مىڭ تۇزۇك شۇ نام ـ ئاتاق.

## ۋەتىنىم

ۋەتىنىم ـ ئانامسەن، باغرىڭدا ئۆستۈم،
قەلبىمدىن باغلانغان ساداقەت ساڭا.
سەن ئۇچۇن ئەجرسىز ئۆتكەن دەقىقەم،
ئەڭ ئېغىر ئازاپ ھەم جىنايەت ماڭا.

## ۋاقىت ۋە مەن

چېكەمگە قىرۇ، يۈزۈمگە قورۇق،
سىپاپ ئۆتتى ۋاقىتنىڭ قولى.
بوش كەلمىدىم مەنمۇ، شۇڭلاشقا،
ئەسىرلىك يوك ئاستىدا يىلى ...

1980 ـ يىل ئاتۇش.

# ئانىجان، ئالدىڭدا تازىم قىلىمەن

كۆز نۇرۇم، غەمخورچىم، باغرىم ئانىجان،
دۇنيادا بارمىدۇ سەندەك مېھرىبان!
شاھىسەن سۆيۈملۈك ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ،
ئەزىزلار سېنى ھەر ئەقىل، ساپ ۋىژدان.
ئەجرىڭچۈن ھۆرمەتتە تازىم قىلىمەن،
بىر ئەمەس مىڭ قېتىم، بەختىم ئانىجان.

تۆرەلگەن سېنىڭسىز قايسى بىر ئىنسان،
كۆز ئېچىپ ئالەمگە قەيەردە، قاچان؟
باھاسىز، تەڭداشسىز شانۇ - شاۋكىتىڭ،
قىسمىتىڭ ئالدىدا قايىلدۇر جاھان.
تۆھپەڭگە باش ئېگىپ تازىم قىلىمەن،
مىڭ ئەمەس، تۈمەنمىڭ، پەخرىم ئانىجان.
مېھرىڭ بار دېڭىزدىن چوڭقۇر، بىپايان،
ھاياتلىق شۇڭلاشقا مەۋجۇت ھەر قاچان.
سەن بولغاچ بۇ بۈيۈك ھايات ئېقىمى،
ئەبىدى ئۈزۈلمەي قىلىدۇ داۋام.
مېھرىڭنى ئۇلۇغلاپ تازىم قىلىمەن،
بارلىقىم سەن ئۈچۈن تەقدىم ئانىجان.

چېھرىڭدە تاڭدىكى كۈننىڭ جىلۋىسى،
ئاق چېچىڭ تۈندىكى ئاينىڭ شولىسى.
ھەر سىزىق - نۇرانە ماڭلىيىڭدىكى،
ھېساپسىز مېھنەت ۋە ئەجرە بەلگىسى.
مېھنىتىڭ ئالدىدا تازىم قىلىمەن،
قوللۇرۇم كۆكسۈمدە قەلبىم ئانىجان.
ئاق سۈتۈڭ - جەۋھىرى ھايات قېنىمنىڭ.

سەبىي تەن بۆلىكى باغرىڭ ـ تېنىڭنىڭ.
كۈچ ـ قۇۋۋەت بولىقى ئىللىق قۇچىقىڭ،
مېۋىسى ـ يېڭى جان، ئەجرىڭ، تېرىڭنىڭ.
تېرىڭگە ـ ئەجرىڭگە تازىم قىلىمەن،
بىر ئەمەس، مىڭ ئۆمۈر ئەقلىم ئانىجان.

ئەجرىڭدە پەقەتلا بىر ئۈمىت ـ مەنە :
«يارامىلىق ئادەم بول، ئەلگە بول پانا.
هالال بول، سادىق بول، مەرت، ئىجاتكار بول،
ۋىژدانىڭ ئىشىڭغا بولسۇن تارازا ... »
ئۈمىدىڭ ئاقلاشقا قىلىمەن تازىم،
سۈتۈڭدەك پاك دىلدىن ـ ئەهدىم، ئانىجان.

* *

هاياتىم، غەمخورچىم، باغرىم ئانىجان،
ئۇلۇغسەن ئالەمدە، چەكسىز مېهرىبان.
مۇهەببەت، هۆرمەتنىڭ تەختىدە شاهسەن،
سۆيۈنەر سەن بىلەن هەر ئەقىل ـ ۋىجدان.
كۆي قاتتىم شەنىڭگە، هۆرمىتىم زەخمەك،
يۈرۈكۈم ئۇد، تەمبۇر ... چەكتىم، ئانىجان.

1984 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى

## گۈل ئىشقى

گۈل هۆسنىگە قارايمەن ئۇزاق،
مەپتۇن قىلار دىلنى خۇش پۇراق.
ئىلهاملىرىم تۈمەننىڭ ئاققۇ،
گۈل دېڭىزى هەممە ياق.

مىسرالارغا گۈللەر تېرىدىم ،
بوغۇملاردا غونچە ئېچىلدى.
گۈللەر - غەزەل، غەزەللەر - گۈل بوپ،
يەرۇ - كۆككە ئەتىرە چېچىلدى.

بەھرى ئالسا ۋەتەنداشلىرىم ،
شۇ ئەتىردىنىڭ خۇش بۇي ھىدىدىن.
ئەل ھوزۇرى - مۇكاپات ئىدى،
بولۇپ ماڭا بۈيۈك ھەممىدىن.

ھىلال مېھنەت ئەجرى كۆرۈنەر،
ھەر ياپىرىقى چاچقان پۇراقتىن.
باغۋەن رىزا بولسا مەنمۇ شات،
گۈلنىڭ ئىشقى تۇققان قوشاقتىن.

1982 - يىل، ئۈرۈمچى

## يۇرت قوشىقى

بۇ يەر ئانا يۇرتۇم مېنىڭ،
مەھكەم كۆڭۈل رىشتەم مېنىڭ.
كوكسۇمدە يالقۇنلاپ يانار.
مۇھەببىتىم - ئىشقىم مېنىڭ.

ھۆسنى قىلادۇر مەھلىيا،
ھەر تاشى تىللا - تۇتىيا.
ئابىھايات كەۋسەر سۈيى،
قەندەك كېلۇر ئىچكىم مېنىڭ.

شۇنچە گۈزەلدۇر باغلىرى،
كۆككە تاقاشقان تاغلىرى.

رەتلىك ئېتىز ـ قىر يوللىرى،
قوزغار راسا زوقۇم مېنىڭ.
رەسسام گويا دېخانلىرى،
گۈۋا ئېتىز ـ بوستانلىرى.
كەتمەن ـ قەلەم، تەرى ـ سىيا،
شاگىرت بولۇش ئەھدىم مېنىڭ.

خەلقى ئەقىلالىق تولىمۇ،
ھەر ئىشتا گۈلدۈر قولىمۇ.
پەنگە ھېرىسمەن ياش ـ قېرى،
چەكسىز شۇڭا مېھرىم مېنىڭ.

بۇندا مېنىڭ يىلتىز ـ غولۇم،
ھۆرمەتتە كوكسۇمدە قولۇم.
ئاسمانغا چىقساممۇ ئەگەر،
شۇ يۇرتتىدۇر كۆڭلۈم مېنىڭ.

سۆيمەيدۇ كىم ئۆز يۇرتىنى،
بەرمەيدۇ ھۆرمەت ـ مېھرىنى ؟ !
يۇرت سۆيمىگەن ـ سۆيمەيدۇ ئەل،
دەيدۇ يۈرەك، ئەقلىم مېنىڭ.

* *

بۇ يەر ئانا يۇرتۇم مېنىڭ،
تالىق ئاتا ئىشقىم مېنىڭ،
ئارزۇم ئىجات گۈلزارىدىن ـ
بار،
گۈل تېرىپ قىسقۇم مېنىڭكە

1981 ـ يىل، ئىيۇن، ئاتۇش

# نۇزۇگۇم

## (تارىخىي داستان)

بىلەر قەشقەر دىسە ھەر كىم، سۈپەتىدۇر ئەزىزانى،
زېمىنگە بىر تابان زىننەت چىمەنزار گۈل - گۈلىستانى.

شەھەردۇر دىل - تىلى بىردەك، ئاشۇ يۇرتقوينىدا ئۆسكەن،
پاراسەتلىك، سېخى، دىلكەش ساناقسىز قىز ۋە ئوغلانى.

سۆيەر مېھنەت، ھۈنەر - سەنئەت، ئەدەپ - ئەخلاق - دىيانەتنى
شۇ خىسلەت - روھ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى.

بىھىساپ بۇلبۇلى سايرار ئېچىلغان گۈلشىنى ئىچرە،
ناۋا - كۈيىدە چىقارغان داڭ گويا پۈتمەس غەزەل كانى.

ئۇلۇغلايدۇ جاقان مەھمۇت ①، يۈسۈپ ② لەرنى ئوقۇپ تەھسىن،
ئۇلار تارىختا ئىدرەكنىڭ ئىدى سەردارى - سۇلتانى.

مۇھەببەت، ئىشتىياق بىرلە بولۇپ پەرۋانە گۇمنامىمۇ،
ناۋا جەۋھەرىدىن تېزغان باھاسىز لەئلى - دۇردانى.

شۇ يۇرتنىڭ قوينىدا ئۆسكەن نازارى، خىرقىتلەرمۇ،
كۈيى ئالتۇن قەسىر سالغان بولۇپ ئەلنىڭ شەرەپ - شانى.

كەچۈرگەن باشىدىن بۇ يۇرتنى قىسمەت، نى خۇسۇمەتنى،
قەدەمدە خۇن قىلىپ باغرىن جاھالەتنىڭ زىمىستانى.

---

① مەھمۇت قەشقەرى، ② يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

ئۆلۈمدىن مىڭ يامان بىلدى بېشىن ئەگمەكنى زۇلمەتكە،
تۆكۈلدى ئەرك ئۈچۈن قانلار لاۋۇلداپ قەھرى-گۈلخانى.

ئېلىمگە — خەلقىمگە سادىق ھېساپسىز مەردۇ-مەردانىڭ،
تۆمەنگە قوشۇلۇپ ئاقتى تۆكۈلگەن قىپ-قىزىل قانى.

شۇ مەرتلەرنىڭ بىرى نۇزۇك-ئۇلۇغ شائىرە، ئىسيانكار،
شەرەپ-شان، قەھرىمانلىقنىڭ تۆرىدە، قىسسە-داستانى.

ئۇلۇغلايدۇ ئۇنى تارىخ، ئۇنۇتمايدۇ ئۇنى ئەل-يۇرت،
ياشار مەڭگۈگە دىللاردا شەرەپلىك ئۆلگە-ئىھسانى.

ئەيا، ساقى، ئېلىپكەل مەي تۆمەندىن، ھەۋزى-كەۋسەر شۇ.
كېلەر ئىچسەم ۋۇجۇدۇمنىڭ، قەلەمنىڭ كۈچ ۋە دەرمانى.

## بىرىنچى باپ

### تۆمەن دەرياسى بويىدا

1

زامانلارنىڭ شاھىدى بولۇپ،
تۇرار سۇرلۇك سېپىل چوقچۇيۇپ.
گويا ھەيۋەت، ئۇزۇن ئەجدىھا،
ياتار قەدىم يۇرتقا ئورۇلۇپ.
قېلىن تاملار، چىڭدالغان تۇپراق؛
نى قىسمەتلەر ئۇنىڭ تۇرقىدا.
قان، تەر، مېھنەت، ئېچىنىشلىق زار،
مىڭ-مىڭلىغان جەسەت قوينىدا.

سېپىل بويلاپ ئاقىدۇ دەريا،
نالە بىلەن كۆكسىنى ئۇرۇپ.

ياش ئېتىلىپ بۇلاق - بۇلاقتىن،
دەريا ئىچىدە كېتەر قوشۇلۇپ.

شاقىراشلار — مۇڭلۇق بىر سادا،
بۇلدۇقلاشلار ئاچچىق كۈي - نىدا.
كەچمىش يىللار، ئەسىرلەر دەرھال،
ھەر بىر كۈيدىن بولىدۇ پەيدا.

ئاقار تۈمەن شىددەتلىك ئۇرۇپ،
چىمەنلەرگە ئۇنچىلەر چېچىپ.
بار گۈزەللىك ئۇندا مۇجەسسەم،
گەر قارىسا چېھرىنى ئېچىپ.

ئۇنىڭ قەھرى قايغۇسى بىرلە،
بار يەنىلا شاتلىق كۈلكىسى.
بۇ شاتلىقنى ئېلىسكە تالىق،
شۇ شاتلىقتا غۇرۇر بەلگىسى.

شاتلىق - قايغۇ، مۇھەببەت - نەپرەت،
قوشكېزەكتۇر ئەزەلدىن - ئەبەت.
تۈمەن بۇندىن مۇستەسنا ئەمەس،
ۋە بار ئۇندا ئاجايىپ قىسمەت.

ئۇ ئۇخلىماس كېچە ۋە كۈندۈز،
قۇياش، ئايغا دائىما سىرداش.
مۇڭ - زارلارنىڭ گۇۋاچىسى ئۇ،
شاتلىقلارغا تەڭكەش - نەپەسداش.

ئۇ ئېپ كېلەر مېۋىزار باغلار،
چاچقان تاتلىق - شېرىن پۇراقنى.
ئۇ ئېپ كېلەر ئەمگەكچان دىللار،
ئىجات قىلغان ناخشا - قوشاقنى.

ئېقىپ ئۆتەر قەدىمىي شەھەر —
ئەزىز يۇرتىنىڭ مەگزىدىن سۆيۈپ.
ئېقىپ ئۆتەر يېزا - قىشلاقلار،
ئېدىرلارغا مېھرىنى تۆكۈپ.

مەجنۇن تاللار، نۇرتا سۆگەتلەر،
ئۇسۇل ئويناپ قۇتلايدۇ ئۇنى.
كۈمۈش چاچقۇ چاچار قىرغاققا،
ئۆركەشلىرى، يېنىك دولقۇنى.

ئىشتىن ھېرىپ قايتقان كىشىلەر،
ئارام تېپىپ چاخچاقلىشىدۇ.
سالقىن ئۇرۇپ سۇزۇك زىلال سۇ،
كۆڭۈللەرگە ئورتاقلىشىدۇ.

شوخ، يېقىملىق سايرايدۇ راۋاپ،
قالۇن، تەمبۇر، مۇقام ئەۋجىدە.
يۈرەكلەرنى تىترىتەر ناخشا،
قىرغاق قاينار ھايات پەيزىدە.

ساتارلاردا ناۋايى، گۇمنام،
زەلىلى ① نىڭ گۈزەل ناۋاسى.

① زەلىلى - 17 - 18 - ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى

ئەكس ئېتەر ئۇد ۋە دۇتاردا،
سەبۇرى ① نىڭ مۇڭلۇق ساداسى.

2

توپ - توپ سورۇن،
ھەرخىل تائىپە.
ئوخشىمايدۇ تۇرقى، كېيىمى.
جۇلدۇر كىيىم...
بەقەسەم تونلار...
ئوخشىمايدۇ كۆلكە، ئەپتىمۇ.
قېلىن تالزار،
بىر توپ بايۋەچچى،
بەزمە قۇرغان گىلەم ئۈستىدە.
دەستىخاندا كاۋاپ، سامسىلار...
لاپ ئۇرۇشار «ئامەت» ھەققىدە.
ئۇلارنىڭمۇ سازەندىسى بار،
قىمار، شاراپ، ئاشنا ناخشىسى.
بايلىق، مەنسەپ، ھوزور، تاپاۋەت،
ئەتراپىدا چۆگىلەر كاللىسى.
كۆز تاشلايدۇ خوشنا سورۇنغا،
مەنسىتمەسلىك، سوغ نەزەر بىلەن.
ئۇغا قايناپ كۆكۈللىرىدە،

---

① سەبۇرى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن تەرەققىپەرۋەر شائىر، قەشقەر قوغاندىن.

ئالدىدۇ شۇم غەزەپ بىلەن.
خوشنا سورۇن ـ يوقسۇللار توپى،
ياڭرا تماقتا «نۇزۇك كۈيى» نى.
جانغا راھەت، دىل سۆيگەن غەزەل
جەلپ قىلار يۈزلەپ كىشىنى.
نەپىس ئاھاڭ، يېقىملىق ناۋا،
يىراقلارغا ئۇچىدۇ لېۋەن.
ھوزۇرلىنار دەرتلىك كۆڭۈللەر،
زوقى تېشىپ كۈلىدۇ تۈمەن.
بايۋەچچىلەر توپى چىداالماي،
غودۇڭشىشتىن ئۆتتى چۇقانغا.
ئالا ـ تاغىل ناخشا ـ سازلىرى،
نەپرەت كۈلكە قوزغاپ ھەر ياندا.
ۋاقىرىشار بىرلىرى تېخى:
«چال سازىڭنى، باسسۇن ھەممىنى،
تونۇپ قويسۇن بىزنى گادايلار،
ئىگىسىز، كۆتەر ناخشا ئەۋجىنى!...»
ئامما، يوقسۇل يىگىتلەر توپى،
قىلىشمايتتى بۇنىڭغا پەرۋا.
مۇھەببەتتىن يارالغان كۈينى،
توسالامدۇ چۇقان ۋە غەۋغا؟!
مانا، بىردىن گۈمنام سورۇنغا،
ۋۇجۇدىدىن تۆكتى دۇر ـ گۆھەر.
يۈرتى ئۈچۈن ـ ۋەتىنى ئۈچۈن،
يۈرىكىدىن ئاقتى بال شېكەر:
«نەھاجەت ھەجەئى ئەكبەر، كاشىغەر ئىچرە مازارىم بار،

زىيائـى چەشمىمە خاكى رەھىدىن سىزىمە زارىم بار.
ماڭا قىسمەت ئەزەلدىندۇر يىمەك دەردىن بالا قۇتىن
نەئىشرەت، گۇلشەن ئىچرە، زۇلۇم ئىلىدىن غەمگۇزارىم بار...»

بادام دوپپا كىيگەن ياش يىگىت،
ئۇرار زەخمەك تەمبۇر تارىغا.
ئاڭا مەپتۇن يۇزلىگەن جۇپ كۆز،
تونۇشلۇق ئۇ بۇندا بارىغا.
باقى، دەيدۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى،
ئەمگەك، ساز - كۈي ھۇنەر - ئادىتى.
قارا قاشلىق، ئۇتلۇق كۆزلىرى،
كېلىشكەن خۇپ قەددى - قامىتى.
بىلەر ھەتتا بايۋەچچىلەرمۇ،
نۇزۇگۇمنىڭ سۆيگەن يارى ئۇ.
ئىجات قىلسا قىز نەزمە - قوشاق،
نەپىس ئاھاڭ تۇزەر باقىمۇ.
بايۋەتچىلەر ئۆچ كۆرەر ئۇنى،
چىدالمىدى شۇڭا شۇ تاپتا.
ئۆزلىرىچە مازاق قىلىشىپ،
گۇپپاڭچىسى چىقتى ئوتتۇرىغا:

شۇم گادا يگەر مىنىسە ئات، قالغايمۇ چىقماس داۋىنى،
بەرمىسە ئامەت خۇدا، ئاشقايمۇ تىزدىن چاپىنى؟
ئادىتىدۇر داپ چېلىش، چىققاندا بىر نان قولىغا،
نـاخشىدا تويماس قوساق، بىزگە چاكار - قۇل ھامىنى.

يۇقىرىللارنىڭ توپى تەۋرەندى،
غەزەپ بىلەن بولۇپ بىتاقەت.
گويا سەۋر پىلىگىگە ئوت،

ياققان ئىدى قاغىش - ھاقارەت.
تۇردى باقى ئورنىدىن شىردەك،
كۆزلىرىدە ئوت يېنىپ چاقناپ.
سوغ كۆلكىدە نەپرەت نامايان.
تىلك قادىلىپ ياندۇردى جاۋاپ:
بايىنى - باي قىلغان نىمە، يوقسۇلنى خار قىلغان نىمە؟
ھەممىگە چاڭگال سېلىپ، ئالەمنى تار قىلغان نىمە؟
بىرگە مال - دۇنيا بېرىپ، نايناقلىتىپ، شات كۆلدۇرۇپ،
جەۋرەيۇ - كۆلپەت بىلەن مىڭلارنى زار قىلغان نىمە؟
بولسا گەر ئەقلىڭ تېرىقچە بىلسەڭ سىر تەكتىنى،
سېنى بەگ - بايۋەچچە قىپ، بىزنى بىمار قىلغان نىمە؟
تۇرسىمۇ دۇنيالىرىڭ، بىلمەيدۇ نەپسىڭ شۇكرىنى.
ئاشۇ نەپسىڭنى يەنە تاماغا يار قىلغان نىمە؟
ئىشلىسەك قان - تەر تۆكۈپ، خۇۋلۇققا سەنلەر ئىگىسەن،
قېنى، قايسىڭ بىلسەڭ، يوقسۇلغا ھار قىلغان نىمە؟
بۇ — مۇشۇ تەتۈر پەلەك، قان بېرىشغان زالىم پەلەك،
شۇ يۆلەك — تەختىڭ سېنىڭ، بىزگە ئازار قىلغان نىمە؟!
ئەل، نەسەپ، ۋىجدانىڭمۇ يامبۇغا ساتماق ھونىرىڭ،
بىنومۇس چۆرپەندىسەن، بىزنى بىزار قىلغان نىمە؟!
چاقنايتتى ئوت يۈزلىگەن كۆزدە،
چىرايلاردا غۇرۇر جىلۋىسى،
بايۋەچچىلەر كەتتى ئۇجۇقۇپ،
دىللىرىدا شۇملۇق ۋەسۋەسى،
تىكتى قۇيرۇق،
«خەپ» دەپ ئاخىرى،
ئوغا قايناپ كۆكۈللىرىدە،

ئۆزنىڭ شىتى يوقسۇللار توپى،
مەغرۇر زاڭلىق كۆلكىلىرىدە،
- نوزۇكقا باپ يىگىت ئىكەنسەن! -
دەيتتى چاللار ساقالنى سىپاپ،
- بىر پۇخادىن چىققۇق - دە، بۇگۈن،
دەيتتى ياشلار كۆلۈپ قاقاقلاپ.
دىدى بىر چال: چىپا ڭلار سازنى،
خوشال نەغمە — خوشال بەزمىگە!
دىدى ياشلار: قىزنى، باقىجان،
ئۆزەك توزگەن يېڭى نەزمىگە!
باقى:
قەشقەرنىڭ قىزى دەيدۇ،
يولتۇزنىڭ ئۆزى، دەيدۇ.
دىلنى مەھلىيا قىلغان،
جۇپ شەھلا كۆزى دەيدۇ.
قەشقەرنىڭ قىزى، دەيدۇ،
تولغان ئاي يۈزى، دەيدۇ.
مېھرىگە ئەسىر قىلغان،
ناۋاتتەك سۆزى، دەيدۇ.
ياشلار:
قەشقەر يىگىتى، دەيدۇ،
كۆلنىڭ سەر خىلى، دەيدۇ.
باقىجاننى ياش - قىزى، -
نوزۇكنىڭ خىلى، دەيدۇ.
... ... ... ...
كۆلكە — چاقچاق، بېيىت - قوشاقلار،

تۆمەن بويلاپ ئۇچار يىراققا،
خوشلىغىدىن ئۇرغۇپ زىلال سۇ،
ئۇنچە چېچىپ ئاقار قىرغاققا.

# ئىككىنچى باپ

## شائىرە

### 1

تۇرار ھەيۋەت ھېيكەل مۇنارى،
كۆز چاقنىتار رەڭدار قۇببىسى.
قەدىم شەھەر،
قايناۋاتقان ھايات،
شاۋقۇنىدا ھايات ھېيكەلگە غۇسسى.
ئەزەلدىنلا سەنئەتكە باي يۇرت،
سۆزلەر ياشنا ئەسىر - ئەسىرنى،
بىنا قىلغان ئۇستىكارلىرى،
قانچە قەلئە، قانچە ئەسىرنى،
ئويمىكارلىق ۋە نەققاشچىلىق،
ئەجدادىنىڭ ئۇدۇم - سەنئىتى.
تۇرك، ھىندى، خارەزىم،... لاردا،
نۇر چاچىدۇ ھۇنەر - مىھنىتى.
يىپەك يولى تۇتىشار بۇندىن،
تاغنى ئاتلاپ تا ئىرانغىچە.
سوزۇلىدۇ بۇ يول رىم، پارىژ،
مىسىر، مەككە ۋە ئىراققىچە.

تونشۇلىدۇ بۇ يەردىن خاڭجۇ
تاۋارلىرى، خوتەن گىلەمى،
گۈلكە تولار بۇ يۇرتتىن چىققان،
كارۋانلارنىڭ ھەر بىر قەدەمى.
رەڭگا - رەڭ گۈل - گۈلزار ھەممە ياق،
كەشتىلەردە ئۇنىڭ نۇسخىسى،
دۇتار، راۋاپ، تەمبۇر، قالۇنغا،
شۇ گۈللەرنى چەككەن ئۇستىسى.
مۇشۇ يۇرتتا - ئەزىز دىياردا،
ساز ۋە مۇقام ماھىرلىرى بار.
ماھارەتتە ھەممىگە داڭلىق،
شائىرە ۋە شائىرلىرى بار.
شۇنچە ئامراق ئۇسۇل، غەزەلگە،
جىسمى پۈتمىش گويا سەنئەتتە.
كەلسە تېخى، سەيلە ئايلىرى.
مەشرەپ، بەزمە ...
تەرەپ - تەرەپتە.
تەرەپ - تەرەپتە.

II

يامۇل ئالدى،
قەدىمىي كوچا،
سىراچ تاملار،
كۈجۈم مەھەللە.
ياڭرىماقتا تۈرۈمتاي ① ياقتىن،

① تۈرۈمتاي - قەشقەر شەھىرىدىكى بىر كۆل نامى، كېيىنچە مەھەللە نامى بولۇپ قالغان.

شوخ، يېقىملىق ناخشا - غەزەللەر:
قاتار - قاتار تۇرنىلار،
ئۇچار ئاسماندا.
مەن يارىمنى سېغىندىم،
كېلەر قاچاندا،
كاككۇك - زەينەپ سايرايدۇ،
چەمەن بۇستاندا.
قانماي يارنىڭ ۋەسلىگە،
كۆڭۈل ئارماندا...
نازۇك قوللار تارا ئۈستىدە،
ئوينىماقتا ماھىرلىق بىلەن.
دىلرەبا كۈي، تونۇش شوخ ئاھاڭ،
ياڭرىماقتا يېقىملىق، لىۋەن.
كۈلكە - چاخچاق، غەزەل بېيىتلەر -
راسا قىزىپ چىققان ئەۋجىگە.
تۇرۇمتايدەك كۈلۈپ، مەۋج ئۇرۇپ،
ئۇن قوشىدۇ گويا بەزمىگە
بىر توپ قىزلار بۇندا جەم بولۇپ
شات - گۈلگۈلۈك سۈرۈن تۈزۈشكەن.
بەرى ئۈسۈل، كۈي چولپانلىرى،
ھۆسنى تەڭسىز
خۇيىما كېلىشكەن.
شوخ ۋە نەپىس، سېھىرلىك ئاھاڭ،
كۆكنى قۇچۇپ ئۈچۈدۇ ھەر يان.
تارىلاردا خېنىلىك قوللار،
چېۋەرلىكنى قىلار نامايان.

گۈللەرنىڭمۇ بولار سەر خىلى،
گۈزەللىرىنىڭمۇ بولار گۈزىلى.
سورۇن ئۆزرە كۆي - نەزمىگە شاھ،
غەزەللىرىنىڭمۇ باردۇر غەزىلى.
مانا شۇدەم، پەردىلەر ئىچرە،
بىر - پەرىگە بېرىلگەن نۆۋەت.
ئاھۇ كۆزلەر تىكىلگەن ئاڭا،
زوق - ھەۋەسىنىڭ تەختىدە ھۆرمەت.
ھۆسنى ئۇنىڭ ئايدەك دىلرەبا،
ھىلال قاشلار بەرگى قىياقتەك.
كىرپىكلىرى تۆكۈلەر تال - تال،
شەھلا كۆزلەر ئويىنار بۇلاقتەك.
ياقۇت لەۋلەر تەبەسسۇمىغا،
يارىشىپتۇ بىر جۇپ زىنىغى،
قىرىق ئۆرۈم سۈمبۈل چېچىدىن،
گۈپۈلدەيدۇ ئىپار پۇرىقى.
زىبا بويلۇق، سەۋرىدەك قامەت،
پەرىزاتنى رەشىككە سالار.
بېقىشلىرى گۇمنام ئوقۇغان،
غەزەللەرنى ئېسىڭگە سالار:
قايسى گۈلشەن گۈلبۈنى سەۋرى خىرامانىڭچە بار؟
قايسى گۈلبۈن ئۆزرە - غۇنچە لەئلى خەندانىڭچە بار؟
قايسى گۈلزار ئىچرە بىر گۈل ئاچىلۇر ھۆسنۈڭ كەبى.
قايسى گۈل بەرگى لەبى لەئلى دۇر - ئەخشانىڭچە بار؟
بۇ كىم؟ نىمە ئىسمى - شەرىپى؟
قايسى باغنىڭ گۈزەل گۈلى بۇ؟

ئاشۇ دىلبەر - نېزۈگۈم ئانىق
گۈللەر ئارا گۈلنىڭ گۈلى ئۇ!
ئاشۇ پەرى - ماھىر شائىرە
پۈتكۈل يۇرتقا داڭقى تارىغان.
دەرت - ئەلەملىك سانسىز كۆڭۈلگە،
سىرداش بولۇپ كۆيى ياڭرىغان.
تويى - مەشرەپتە،
سەيلە، سورۇندا،
ئاڭلىنىدۇ نەزمە - قىسسى.
«بۇلبۇلىدۇر قەشقەرىمىزنىڭ !...»
دەپ ئەزىزلار ئۇنى ھەممىسى.
ئۇنىڭ قوشاق غەزەللىرىدىن،
كەمبەغەللەر ئالىدۇ ھۇزۇر.
دەرتمەنلەرگە مەلھەمدۇر كۆيى،
دىلدا قوزغاپ ئۈمىت ۋە غۇرۇر.
شەھەر، يېزا - قىشلاقلاردىمۇ،
ئاڭلىنىدۇ ئۇنىڭ غەزىلى.
زالىم بەگ ۋە ئەمەلدارلارنى،
خۇن قىلىدۇ مازاق، ھەزىلى.
يالماۋۇزدەك يەپ - يۇتۇپ، تويماس بالاخور بەگلىرىم،
زەررىچە ئىنساپ، نومۇس بىلمەس تاماخور بەگلىرىم.
نەپسىگە ۋىجدانى قۇل، مەنپەئەت يولىدا پاي - پېتەك،
ئەلگە تۇرغان - پۈتكىنى ئاپەت - ۋاپادۇر بەگلىرىم.
مەرتىۋە بايلىق ئۈچۈن ئۇ، ساتىدۇ ئىمانىنىمۇ
ئاغزىدا سۆزلىگىنى «ۋاپا، خۇدا» دۇر بەگلىرىم،
تىل بۆلەك، دىلمۇ بۆلەك، قىلمىشلىرى ئۇنىدىن بۆلەك،

سالغىنى ئۇل ئۇستىگە جەۋرۇ - جاپادۇر، بەگلىرىم....
تويمىغۇر نەپسىنىڭ سىپىنىڭ كەتمەسمۇ بىر كۈن يېرىلىپ.
قىلمىشىڭ. ئۇپلاس رەزىل پۈتكۈل گۇنا دۇر بەگلىرىم ...

« قازى، مۇپتى، باي، بەگ ... دىگەنىنىڭ
كۆزلىرى يوق ئۇنى كۆرگۈدەك.
تۇقۇشىدۇ تۆھمەت، پەتىۋا،
ئۆچ كۆرۈشۈپ، قورقۇپ ئۆلگىدەك.
بىر ئاق، چىقىپ تىزغىنىدىن - توغرى،
قول سىپاشتىن قىلار ئىھتىيات.
ئەرز قىلىشىپ دارىن دوتەيگە،
كۆتىرىشەر ئۇستىدىن پەريات.
كېلىپ يامۇل چاپارمەنلىرى،
سىپاشقانتى تەھدىت - تەھلىكە.
«نىسۋە» دىن ئالدى ئۇلارمۇ،
ئوسال بولۇپ، قېلىپ كۆلكىگە:
پەشنى قىسىپ قاچتى بېگى،
بولغاچقا لەت ھەر بىر گېپى.
يوقسۇلغا ھىچ لازىم ئەمەس
يالاقچىنىڭ سۇناي دېپى.
چىقىپتۇ ئەمدى دوغىسى،
تىلىدا نەشتەر - ئوغىسى.
بولغان بىلەن داۋراكى چوڭ،
يوقتۇر ئۇنىڭ ئىشتا ئېپى.
ناخشىغا ئامراق ئەسلى بىز،
شۇ كويدا ئۆتكەن نەسلىمىز.
سالماقچىمۇ تىلغا قۇلۇپ،

يوقال، بۇ يەردىن نان قېپى!...
ئەمەلدارلار، دارىن ۋە بەگلەر،
باسىشىدۇ نۇزۇك نامىنى،
زەھەر قايناپ كۆكۈللىرىدە،
جازا ئۈچۈن ئىزلەر بانىنى.
ئۆپكىسىنى باسالماي ئاخىر،
دوتەي ئۆزى چۈشۈردى پەرمان:
«تىنچىمىسا ئەگەر نۇزۇگۈم.
ئورنى چوقۇم بولىدۇ زىندان!...»
ئۇشۇن ئالتە ياش بۇ جەسۇر قىزچاق،
باسەس ئىدى قورقۇش دىگەننى.
زىنزانىگە سالدى غەزنۋى،
پۇتون قەشقەر، قىزىل، تۇمەننى ①

«ئەمدى يول يوق بولدىمۇ ناخشىغىمۇ پەس-تەلۋىلەر،
ئازمىدى باشلاردىكى كۈلپەت، بالايۇ-غەلۋىلەر؟
بولدى گۈلباغلار غازاڭ، تەككەن ھامان نەس ئايىغىڭ
سولدى غۇنچە-لەيلىلەر، سۇندى چىنارۇ-سەرۋىلەر.
كۈلپىتىڭدىن بولدى خار مىڭ-مىڭلىغان نامرات-يېتىم،
باغ-چىمەنلەر ئورنىنى ئالدى مازارۇ-قەۋرىلەر.
ھەممىنى ئالدىڭ شىلىپ، قالدى قۇرۇق تەن ئۇستىخان.
«دات!» دىگۈزمەس كىمنىمۇ باشلارغا چۈشكەن جەبرىلەر.
تۇرسا ئالدىڭدا يۇۋاش، يوقسۇلنى كۆردۈڭ نىمە سەن؟
ئۇنچە بوزەك چاغلىما، قىپ بەرسە تاقەت-سەۋرىلەر...

---

① قىزىل، تۇمەن-دەريا ناملىرى.

بولمىغاندەك نۇرلۇق قۇياشنى،
ئىستەك بىلەن توسۇپ قىرىغلى،
تومالايتتى قانداق ئاسارەت،
ئەل راھىنى - كۆڭۈل مەيلىنى.
ئىجات - نەزمە - تۈگىمەس بۇلاق،
كۈن - ئايسېرى بارار كۈچىيىپ.
چىن قەلبىدىن شائىرە قىزنى،
ئۇلۇغلايتتى ئەلمۇ سۆيۈنۈپ.

III

داڭدار نەققاش نۇزۇك ئاتىسى،
گۈل ئاچىدۇ ماھىر قوللىرى.
قەسىرە، جامە، ئوردىلاردىمۇ،
كۆز چاقىدۇ چەككەن گۈللىرى.
باردۇر ئۇنىڭ قۇرغان ۋە قەدىم
بىنالاردا ئىزىما سۈرىتى.
مۇنارلاردا ئىجتىھات - تەبرى،
قۇببىلاردا ھۈنەر - سەنئىتى،
شۇلا ئەمەس ھۈنىرى پەقەت،
يادقا بەھەر تىلالاي قىسمىنى.
بايان قىلسا چەكنامىلەرنى
جانلاندۇرار ئەلنىڭ ھېسسىسىنى.
ئۇ ئوقۇسا قىشاق نەزمىلەر،
سازەندىلەر بولىدۇ شەيدا.
نەزمۇ قونۇپ ساتار، دۇتارغا،
ئاھاڭلارمۇ بولىدۇ پەيدا.

نامرات ئىدى ئەپسۇس، يەنىلا،
ئاشۇ داڭدار ھۈنەر ئۇستىسى.
دۇنيا ئەمەس بېرىپتۇ زامان،
زىرەك دىلغا سەنئەت سۆيگۈسى.
ئەجداتلاردىن قالغان ئۇدۇمكەن،
ھۈنەرنى پەرزەنتكە بېرىش.
پەرزەنتىگمۇ قەرزىدۇر ئاتا —
ھۆنەرگە ۋارىسلىق قىلىش.
كىچىكىدىن ئوغلى ئابدۇللا،
ۋارىس بولدى نەققاشچىلىققا،
خۇشتار ئىدى ئەقىللىق قىزى،
توي - نەزىرگە، قوشاقچىلىققا،
كىرپىك قاقماي كېچە - كېچىلەپ،
داستانلارغا سالاتتى قۇلاق.
زوقلىناتتى خولۇم - خوشنىلار،
بەش ياش چېغى، ئوقۇسا قوشاق.
قىشتا مەدرىس، يازلىقى ئۆيدە،
ئۆگەندى قىز ئىلىم - ئىرپانى.
يىللار ئۆتۈپ، قىلدى ئۇ تەھسىل،
«خەزائىنۇل ...» «چاھار دىۋان» ① نى
ئۆگىنەتتى لۇتپى، سەككاكى،
خىرقىتىنىڭ ئەسەرلىرىنى.
كامال تېپىپ ئەقلى كۈنسېرى.
تىزدى نەزمە گۆھەرلىرىنى.
ئۇلغىياتتى ناخشا غەزەللەر -

① «خەزائىنۇل مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى»).

ناملىق بۇدىۋان ۋە «چاھار دىۋان»- ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئۇلۇغ
ئەسەرلىرىدىندۇر. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر مەدرىسلىرىدە ئەدەبىيات
دەرسلىكى بولۇپ كەلگەن.

ئەل ئىچىگە باراتتى ئېقىپ.
يۇرتتىن - يۇرتقا، تىلدىن - تىللارغا،
تارىلاتتى دىللارغا يېقىپ.
توي - مەشرەپلەر، سەيلىگاھلاردا،
كۈيلىنەتتى ئۇنىڭ نەزمىسى.
نۇزۇگۇمنىڭ غەزەللىرىسىز،
قىزدىمايتتى قەشقەر بەزمىسى.
مەيلى كۆرگەن، مەيلى كۆرمىگەن،
ئەزىزلەيتتى ئۇنىڭ نامىنى.
ئۇ ياشايتتى ئەلنىڭ قەلبىدە،
كۈيلىگەچكە ئەل پىغانىنى.

IV

بۇگۈن بۇندا تەڭتۇش يارانلار،
سۈرۈن تۈزۈپ ئاچماقتا كۆڭۈل.
بىرى سازچى، بىرى ناخشىچى،
بىر نەچچىسى ئوينايدۇ ئۇسۇل.
قوشاقلاردا سۆيگۈ لەززىتى،
غەزەللەردە ۋىسال شەربىتى،
بەرى گۈزەل شىرىن لەيلىلەر،
بېيتلەردە ئىشقى سۆھبىتى.
قىزلار يۇلتۇز،
نۇزۇك تولۇن ئاي،

كۆل ئەتراپى قۇچۇپتۇ نۇرنى،
پاك غۇبارسىز، مەسۇمە دىللار،
نەزمىلەردىن چاچماقتا دۇر ① نى.
دۇتارلاردا نۇزۇگۇم كۈيى،
«سۆيۈملۈك يۇرت» - ئۇنىڭ تېمىسى.
سىڭگەن ئاڭا جەسۇر قەلبىنىڭ،
ساداقىتى، يۈرەك تۈيغۇسى.

ۋەتەنىنىڭ ئىشقىدۇر گۈلخان، ئاشۇ گۈلخاندا مەن پەرۋان،
ئۆزىنى بەختىيار دەيدۇ ۋەتەنسىز قايسى بىر ئىنسان!؟
ئۇنىڭ ھەر تاشى ئەبزەلدۇر بەدەخشان ياقۇتىدىنمۇ،
يېتەلمەس باغى ئىرەممۇ، يېتەلمەس جەننەتى بوستان،
كۆزۈمگە تۇتىيا خاكى، پۇراقى مۇشكى-ئەنبەردۇر،
بېغىشلار جانغا مىڭ راھەت گۈپۈلدەپ لالەيۇ-رەيھان،
بىنا قىلغان ئۇنى باتۇر-چېبىشچان، مەرت، زىرەك خەلقى،
ئىجادى-سەنئىتى بىرلە، بولۇپ تىللاردا مىڭ داستان.
ئۇنى سۆيگەي شۇڭا دىلدىن، چۈشۈرمەي ھەر قاچان دىلدىن،
ئۇنىڭ قەدرىن بىلىپ ئەلا، بېغىشلاپ ئىشقىدا مىڭ جان.

..............................................................

ئۈچىنچى باپ

## جاھالەت قۇترىماقتا

I

ئۈزەر كۆكتە قارا قاغىدەك،
قارا بۇلۇت توپ - توپ بولۇشۇپ.

---

① دۇر - ياقۇت.

قىرو تاشلاپ كەچكۈزمۇ كەلدى،
سوغ چۈشمەكتە ئاڭا ئۇلۇشۇپ.
تۆكۈلىدۇ يىپىنىك شامالدا،
دەرەخلەردىن سۇلغۇن يوپۇرماق.
ئاخىرلاشقان باغلاردا مىۋە،
دىماقلارغا ئۇرماس خۇش پۇراق.
مۇڭلۇق، غەمكىن ياتىدۇ شەھەر.
كوچىلاردا كىشىلەر شالاڭ.
ئاندا - مۇندا گۈدەكلەر توپى،
جۇلدۇر كىيىم، پۇتلىرى يالاڭ.
سۇس ۋە كۈچسىز قۇياش شولىسى،
تۇمەن ئۇرار سوغ، نەم ھاۋانى.
تېرەكلەردە قاغىلار توپى،
ۋەھىمىلىك سۇرەن - چوقانى.
كۆل ياقىلاپ كېلەر بىر بوۋاي،
قەدەملىرى ئېغىر ۋە ئاستا.
ساقاللىرى سۇتتەك ئاقارغان،
دولىدا خۇرجۇن، قولىدا ھاسا.
چېھرى ئۇنىڭ تۇتۇق پەرىشان،
ئەسىر قىلغان قانداقتۇ خىيال.
بەزەن توختاپ، ئەتراپقا قاراپ،
ئاچچىق بىلەن سىيپايدۇ ساقال.
ئۇ خاپىدۇر زادى نېمىگە،
ۋۇجۇدىدا نېمە ئوي - پىنھان؟
ئەپسۇس، شۇ دەم چۈشىنىش قىيىن،
بۇ سىر ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايان.

كۆرۈنگەندە ئۆينىڭ قارىسى،
ئىتتىكلىدى بوۋاي قەدەمى.
كىچىك هويلا ئالدىدا توختاپ،
تىندى ئېغىر، سىقىلىپ دېمى.
ئاڭلىناتتى هويلا ئىچىدىن،
گۈدۈك-گۈدۈك يىگىت قىز ئۈنى.
«نۇزۇك، باقى! ...» - پەرق ئەتتى بوۋاي،
تۇرۇپ قالدى، ئاڭلاپ گېپىنى:

نۇزۇگۇم:

باقىجان، مەن بۇ پالاكەتتىن بايا تاپتىم خەۋەر، غۇسسە
ئۆزرە ناتىۋان كۆڭلۈمگە قىپ ئەسىرۇ-ئەسەر ① باقى:

سالدى كۈلپەتۇ-بالانى شۇ پەلەكنىڭ گەردىشى،
چاك سېلىپ رىستىقىغا يۈرىقسۇلىنىڭ، چېچىپ ئوغا-زەھەر.
قاپلىدى ئەل ئۈستىنى زۇلۇم-قاباھەت بورىنى،
تولدى ئاھ، زار-نالىغا قان ھىدىغا پۈتكۈل شەھەر.
ئەل قىساسى ئۈندىدى، مەيدانغا چىقتىم ئاتلىنىپ،
يوق يېنىش، ئىككىلىنىش ئەنتىمىزنى ئالغان قەدەر.

نۇزۇگۇم:

ئەل قىساسىدۇر مېنەلھەق، تۈن كېتىپ، كۈن نۇر سېپەر،
مەرت يىگىتنى توسالماس تىك داۋانۇ، خەۋپ-خەتەر.
ساڭا كۈچ، قۇدرەت بېرىپ، قادىر خۇدا سالغاي نەزەر
ئەل قېرىنداش، يارۇ-دوستۇڭ كۈتىدۇ نۇسرەت-زەپەر!

قاياقتىدۇر قاچتى هارغىنلىق،
سەزدى بوۋاي تەندە بىر قۇۋۋەت.

---

① ئەسىرۇ-ئەسەر - بەك ئەسىر قىلماق.

خۇشلۇق غالىپ غەمنىڭ ئۈستىدىن،
كۆز ئالدىدا كۆلگەندەك نۇسرەت.
تىترەك لەۋلەرپىچىرلار ئاستا؛
تىز پۈكمىدۇق!...
— باتۇر بۇ تەمسىل.
ئەرك باھارى كۆلەر بىزدىمۇ،
يۇتۇپ كۆزدىن زىمىستان پەسىل...
- نۇزۇك قىزىم! -
چاقىردى بوۋاي،
ۋە ئىشىكنى ئۇردى ئاستىلا.
- لەببەي، دادا! مانا قىزىڭىز، -
يېقىملىق ئۈن چىقتى ھويلىدا.
نۇزۇك دەرھال ئاچتى ئىشىكنى،
سالاملاشتى باقىمۇ كېلىپ.
ئۈستام!
- ئوغلۇم، كەم دىدارغۇ سەن؟
بوۋاي بىر دەم تۇردى تىكىلىپ.
ئۆز ئوغلىدەك بۇ قىران يىگىت.
جۇدەپ قاپتۇ مانا، خېلىلا.
بىر جۈپ قەيسەر قارا كۆزلىرى.
چوغدەك يانار ئىدى يەنىلا.
ئەلنىڭ ئوغلى، ئەلنى ئويلايدۇ،
ئەلنىڭ غېمى - يىگىتنىڭ غېمى.
مېھرى ئۇرغۇپ - مەسلىگى كېلىپ،
سۈيۈنەتتى بوۋاينىڭ دىلى.
بىراق مىنۇت ئۆتمەي كۆڭلىگە،

كېلىشۋالدى بۈگۈنكى قىسمەت.
ئاققان قانلار...
باشسىز گەۋدىلەر...
سۆزلەشكە تىل بارمايدۇ پەقەت.
ئەقىللىق قىز بىر قاراشتىلا،
سېزىۋالدى ئاتا كەيپىنى.
ئېغىز ئاچتى، ئەندىشە بىلەن،
بىلمەك بولۇپ بۈنىڭ تەكتىنى.

نۇزۇگۇم :

باشقىچە كەيپىڭ بۈگۈن، بولدۇڭ نىمە،
ئېيتقىن دادا.
ئەندىشە سالماي دىلىمغا، راستىنى ئېيتقىن دادا!

بوۋاي :

ئاھ، قىزىم، ئەقلىم ـ كۆزۈم، دىل خوشلۇغۇمدۇرسەن مېنىڭ،
يوشۇراي قانداقمۇ مەن، بۇ ئىشنى ئېيتماستىن ساڭا.
چەكتى چۇش، بارغان ئىدىم، ھېيتكارغا ـ جامە ئالدىغا،
داڭ قېتىپ قالدىم قاراپ ـ ئورنۇمدا، تۇتقانچە ياقا،
ئوڭ تەرەپ مەيدانىدا كۆردۈم قىيامەت دەھشىتى،
ئۇنچە ئادەمنىڭ قېنى... بېشى كېسىلگەن جادۇدا.
ياندا دار، ئاسقان ئاڭا بىر مويسىپىتنى گېلىدىن،
بىلمىدىم ئۇچقان ئۆگۈم ـ ھۇشۇم بۇلۇرمۇ جايىدا!؟
ھەممە ياق نالە ـ پىغان، ھەسرەت ـ يىغا ـ زار قاپلىغان،
تەۋرىگەن پۈتكۈل شەھەر ئەھلى ئەلەملىك قايغۇدا.
جان بالام، جان بالىلىرىم! بۇ بىزگە نە كۈن كۆرگۈلۈك؟!
ئاشۇ ئىش قىلدى مېنىڭ باغرىمنى قان، غەمكىن ـ خاپا.

نۇزۇگۇم :

باقىجانىمۇ ھىلىلا شۇ ئىشنى قىلغانتى بايان،
سىلىمۇ بوپىلا شۇ ئىشنىڭ ئۇستىدىن شاھىت ـ گۇۋا.

باقى:

شۇم زامان قوزغۇنلىرى ھەر ياقنى قىلماقتا خاراپ،
قۇتۇرۇشۇپ چىلبۆرىدەك، ئەگىز سىلىپ كۆلپەت ـ جاپا.
بۇندا خار ـ زار قانچىسى، سەرسان، مۇساپىر قانچىسى،
قانچىنى زالىم پەلەك ئۆز باشىدىن قىلدى جۇدا.

نۇزۇگۇم :

ئۇنبەشى ئاينىڭ قاراڭغۇ، ئون بەشى بولغاي يورۇق،
تۈن كېتىپ، چىققاي قۇياش، بىر كۈن كۆلەر يوقسۇل راسا!

بوۋاي:

بارىكاللا بالىلىرىم! كۆلگەي مۇرات ھاسىل بولۇپ،
بىر نەزەر قىلغاي خۇدا، يۇرت باشىدىن يۆتكەي قازا!

## تۆتىنچى باپ

## تۈن جاللاتلىرى

### I

قاراڭغۇ تۈن.
ئۇيقۇدا شەھەر،
گۈرۈلدەيدۇ سوغ قىش ھاۋاسى.
تۇرۇپ، تۇرۇپ ئۇ يەر ـ بۇ يەردە،
ئاڭلىنىدۇ «تاق ـ تاق» ساداسى.
يامۇل ئالدى،

قىلىچ ـ نەيزىلىك

ئىككى چېرىك قىلماقتا كۈزەت.
سوغ زەھەردەك نەشتەر ئۇرىدۇ،
چېرىكلەرگە سېلىپ مۇشەققەت.
ۋەھىمە ھەم ئەندىشە ئىچرە،
غۇدۇڭشىيدۇ قېرى قاراۋۇل.
«نە گۇناسى ئايرىلدى باشتىن،
بىھۇدىلا شۇنچە قىز ـ ئوغۇل؟...»
كۆز تاشلايدۇ قاراڭغۇلۇققا،
ياش قاراۋۇل ئەيمىنىش بىلەن.
تەلمۈرىدۇ قېرى چېرىككە،
تىترەپ تېنى، قورقۇنچ بىلەن
«تاغا، بەكمۇ قورقۇۋاتىمەن،
يۈرۈگىمدە لەختە ـ لەختە قان.
كۆز ئالدىمدا جەسەت ـ مۇردىلار،
قۇلىقىمدىن كەتمەس زار ـ پىغان...»
قېرى چېرىك ئېغىر تىن ئېلىپ،
ئەلەم بىلەن ئېغىتتى باشىنى.
ھەسرەت چېكىپ سۆزلىدى ئاستا
سۈرتۈۋېتىپ كۆزىدىكى ياشىنى؛
«سەن ۋە مەندەك ئادەم ھەممىسى،
مېھنەت بىلەن ياشىغان ھالال.
كەمبەغەلمىز ھەممىمىز ئوخشاش،
باشقا دۇنيا لېكىن باي ـ ئامبال.
باي قاياشى بايدۇر ھەر قاچان.
بىر بىرىگە يۆلەنچۈك ـ پانا.

ھەممە يۇرتتا كەمبەغەللەرگە،
قاتتىقچىلىق غەم - بالا - قازا.
ئەنە كۆردۈڭ ياۋاغ يارلىغى،
ئايلانماقتا جەسەت دۆۋىگە.
يەنە ھەر كەچ بەش - ئون ئادەمنى،
كۆمۈشمەكتە سېپىل تۈۋىگە.
زاۋالىققا يۈزلەنسە خانلار،
قەبىھلىشىپ تۈگەر ئىنساۋى.
ئاما، ئوغلۇم، ھەر بىر قىلمىشىنىڭ
ئاخىرىدا بولۇر ھىساۋى!...»
«جالاق - جۇلۇق» كىشەن ئاۋازى
قاراۋۇلنىڭ ئۈزدى سۆزىنى.
تىكلىشتى دەرۋازا تامان،
ئىككىلىسى ئوڭشاپ ئۆزىنى.
ئىچكىرىدىن قاران قاپلىق،
بىر توپ كىشى چىقتى ئالدىراپ.
ئېلىپ ماڭغان ئونچە ئادەمنى،
باشلىرىغا تاغارنى ئوراپ.
سېپىل ياققا يول ئالدى ئۇلار،
يۈتتى كۆزدىن تېز - قاراڭغۇدا.
ئاڭلاناتتى پەقەت يىراقلاپ،
كېتىۋاتقان كىشەندىن سادا.
- يەنە شۇلار!
تىرىك كۆمدۇ.
ياش چېرىكنى باستى قارا تەر.

ئاھ پەلەكنىڭ مۇدھىش قىسمىتى!
قورقۇنچلىق ـ زۇلمەت ھەممە يەر.

II

يامۇل ئىچى.

يورۇق، چوڭ ساراي،
بۇندا كاتتا زىياپەت، قىمار.
جەم بولۇشقان چوڭ ئەمەلدارلار،
ھەممىسىلا ئەپيۇنگە خۇمار.
ماجاڭ ئوينار ياندا بىرلىرى،
بەزىسىنى مەس قىلغان شاراپ.
شاراقشىيدۇ تىللا ـ تەڭگىلەر،
تەتەيلىرى يۈرەر ناياقلاپ.
يۇمۇق كۆزلەر تولغان قان بىلەن،
گۆشلۈك يۈزلەر كەتكەن سالپىيىپ.
دەرغەزەپتە سۆزلەيدۇ دوتەي،
ـ يۆلەنچۈكتە يېتىپ ـ غادىيىپ.
« بۇ ياۋايى، نادان خەلققە،
لازىم قامچا، قىلىچ، جادۇ، دار.
قولىمىزدا ھوقۇق ۋە تەخت،
چاپ، ئاس، قاما بىزدە ئىختىيار.
تۇرسا تىترەپ ئالدىمىزدا بەرى،
تەخت ئۈچۈن شۇندا تىنچلىق بار.
سەللا بوشقا قويدۇقمۇ، بولدى،
پالاكەتكە بولىمىز دۇچار.

ئامبال:

ھەممىزنىڭ بۇرچى - قەرزىدۇر،
بۇيۈك مانجۇ تەختىنى قوغداش.
كىمكى قىلسا بۇڭا خىيانەت،
ئۇ ئەمەستۇر بىزگە دوست - قولداش.
بۇ يۇرتتىمۇ دوستلىرىمىز بار،
باشچى ئۇلار ھەر قايسى يۇتقا.
«كۆچ، تەدبىر» نى چۈشىنىش لازىم.
چىقماس ئۇنىسىز ھېچ ئىش ۋۇجۇتقا.

دوتەي:

ھى - ھى ... چۈشتى ئەسكە بىر ماقال،
دانا خاننىڭ مۇنداق سۆزىدىن؛
«دەرەخ كەسمەك بولساڭ پالتىغا،
ياخشىسى ساپ ئىزلە ئۆزىدىن.»

ئامبال:

- توغرا!.. شۇڭا تاللىدۇق بەلەن،
بولدى ئۆلچەم بىزگە ساداقەت.
باي قولدىشى - بايدۇر - بەگلار،
بۇ ھېكمەتتە باردۇر ھەقىقەت.

دوتەي:

دوستلىرىمىز پۇل - مال خۇمارى،
ئاتاق - ئابروي، مەنسەپكە ئامراق.
مەرىپەتتىن، مەدىنىيەتتىن،
ۋە تارىختىن نەزىرى يىراق.

ئالتۇن ـ كۈمۈش ئۇلار نەسىۋى،
ساراي، چار باغ، ۋەتىنى جېنى.
ئۆزى راھەت كۆرسە، بەس!
رازى؛
كەمبەغەلدىن يىقىلسا مىڭى.

ئامبال:

«ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» نى،
ئۆگەنگىنى ھەممىدىن ئوبدان.
ئاق ـ قارىنى سەللا بىلگىنى،
تۆت كۈندىلا چىقىرار ئىسيان.
كۈچ بولسىمۇ، پەمىڭ بولمىسا،
كۆپ ئىشلىرىڭ كېتىدۇ بىكار.
ھەممە تىزگىن قولدا بولسىلا،
ئامەت، تەخت بولار مەڭگۇ يار!
ـ ئاقىل پىكىر! ئاجايىپ تەدبىر!ـ
ۋاقىراشتى تەرەپ ـ تەرەپتىن.
كۈمۈش جاملار تولدى شارابقا
زىياپەتمۇ قىزىپ بۆلەكتىن ......

* * *

ئەنسىز تۈنلەر.
سۈرلۈك ھەممە ياق،
گۈرۈلدەيدۇ سوغاق زىمىستان.
قەيەردىدۇر ھۇۋلايدۇ ئىتلار،
قارا تونغا ئورالغان ئاسمان.

# بەشىنچى باپ

## قوزغىلاڭ

I

«زۇلۇم دوۋاڭ زار يىغلاتتى،
يوقسۇللارنى كۆپ قاخشاتتى.
ياش دېمىدى ياكى قېرى،
دارغا ئاستى، پۇلغا ساتتى.
نى يىگىتلەر، سۇلۇن قىزلار،
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى.
گۇناھى يوق مەسۇملارنىڭ،
باشلىرىغا قىلىچ چاپتى.
تۈمەن دەريا نەرە تارتتى،
سۇ ئورنىدا قانلا ئاقتى.
شاھىت بولۇپ شۇ تارىخقا،
مىڭلاپ نۇزۇك نەزمە قاتتى...»
زۇلۇم - خورلۇق چىقتى ئەۋجىگە،
ئاشتى چەكتىن قۇتراپ جاھالەت.
ھەممە ياقتا ئەجەل تەھدىتى،
ئەلگە چاڭگال سالغان قاباھەت.
يوقسۇللاردا ئاھۇ - نادامەت،
باي - بەگلەردە ھۇزۇر - ھالاۋەت.
بىر ياقتا خان بىر ياقتا غالچا،
تۆشمۇ - تۆشتىن ياغىدۇ ئاپەت.
شەھەر خەلقى زۇلۇم دەستىدىن،

جانلىرىدىن تىريغان ئىدى جاق.
تەتۇر ئىدى پەلەك گىردىشى،
كەگرى جاھان يوقسىزلىغا دوزاق.
بەتتەر ئىدى يېزىلار تېخى،
ئارام، خىزۋىلىق نەدە دېخانغا؟
جاپا چېكىپ ئىشلەپ يىل بويى،
زار بىرلاتتى بىر بۆردا نانغا.
بىرى كەلە، ئۆشرە - زاكات، دەپ،
كېلەر بىرى، ئالۋاڭ - ياساق، دەپ.
بىرى كەلسە، سەيسىگە ھەيدەپ،
بىرى كېلەر ئاقچا - ياماق، دەپ.
بىرى كېلەر، چېرىكلەر ئۈچۈن -
لازىم ئۇن - ماي، گۆرۈچ - تاماق، دەپ.
بىرى كېلەر يامىل ئاتلىرى -
ئۈچۈن لازىم سامان، قوناق، دەپ.
بىرى كېلەر ئامبال، دارىندىن،
مال سېلىقى مۇنچە تۇياق، دەپ.
بىرى كېلەر بەگدىن، قازىدىن،
كەلدى ساڭا جازا - سوراق، دەپ.
بىرى كېلەر، گۇنايىڭ ئۈچۈن،
ساڭا مۇنچە دەررە - تاياق، دەپ.
بىرى كېلەر، خانىنىڭ بۇيرۇغى؛
كەلدى ساڭا زىندان - سولاق، دەپ.
دوتەي - ئامبال قىلماي قانائەت،
زارلىشىدۇ، بۇ خەق چاتاق، دەپ.

قويدى شۇڭا تەرەپ - تەرەپكە،
ئايغاقچىلار - كۆز ھەم قۇلاق، دەپ.

## II

ھەممە ياقتا غەزەپ غۇلغۇلا،
ئۇلغايماقتا ئۇنىڭ ساداسى.
نۇزۇك قەلبى ئەل بىلەن بىرگە،
ئەل نىداسى - ئۇنىڭ نىداسى:
«سەلكىن شامال ئايرىيدۇ.
بوغداي - سامانىنى.
خەلقى - ئالەم ئايرىيدۇ،
ياخشى - يامانىنى.
قەشقەرلىقنى بىلمەس دەپ،
چولتا ئويلاپتۇ،
ئەخمەق مانجۇ دۇۋاڭى -
بۆرە - قاۋانىنى.
سالدى ئەزىز ياشلارغا،
مىڭبىر بالالار.
ياغدۇرۇشۇپ ئەل - يۇرتقا،
ئاپەت - توپانىنى.
زالىملىقتا ھەددىدىن،
ئاشتى جاللانلار،
كۆرەلمىشىپ بېشىغا،
كىيدى جاھانىنى.
گۈل - گۈلىستان باغلارنى،
قىلدى گۆرىستان.

چەيلەپ تۆمۈر تاپاندا،
غۇنچە - رەيھاننى.
ئۈل قىسمىسى تۇتىدۇ،
ئالار ھىساپنى.
بىكار كېتەر دىمىگىن،
ئاققان بۇ قاننى.
كۆيدۈرىدۇ كۈل قىلىپ،
تاجۇ - تەختىڭنى.
ئەل بېشىدىن ھەيدەيدۇ،
بۇلۇت - تۇمانىنى .....»

قوزغالدى خەلق، تەرەپ - تەرەپتىن،
ھاسىل بولدى قۇدرەتلىك ئېقىن،
گويا چاقماق چاقتى تولغىنىپ،
بۇلۇتلارنى ياردى ئوت - چېقىن.
نەرە تارتتى ئاتۇش، يېڭىسار،
بارىن ①، ئۇيپال ② گويا كى ۋۇلقان.
ئاچچىق ③ ، شاپتۇل④، ياندۇرما⑤، تازغۇن⑨...
سەۋرى تېشىپ كۆتەردى ئىسيان.

ئۆركەشلىدى تۇمەن دەرياسى،
ئۆركەشلىدى تارىم، يۇرۇڭقاش.
ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېزىلگەن خەلق،
بىر بىرىگە بولۇشتى قولداش.
گۈلدۈرلىدى قەشقەر ئاسمىنى،
ھەر سادادا قىساس شاۋقۇنى.

---

① ② ③ ④ ⑤ ⑥ — جاي ئىسىملىرى

قەدىم ھېيتكار ياندى ئوت بولۇپ،
يۈرەكلەردە ئۈندىك يالقۇنى.
ئارا، گۈرجەك، كەتمەن، پالتىلار،
يالتىرايدۇ نۇيۇش نۇرىدا.
تۈندىكچى، زەرگەر، تۆمۈرچى ......
قىلىچ، نەيزە ئويىنىتار قولدا.
ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇستىكارلىرى،
قىزىتىپ جەڭ باسماقتا ئالغا.
رۇستەم بولۇپ سانسىز ئەزىمەت،
تونۇتماقتا ئۆزىنى ياۋغا.
ئىنقىلاپ جەسۇر خوتون ـ قىز بۈگۈن،
ئاشۇ سەپتە بارماقتا مەردان.
ھۆرلۈك ئۈچۈن، ئەركىنلىك ئۈچۈن،
جەڭچى بولۇپ، پىدا قىلىپ جان!
سەپ ئالدىدا بارار نۇزۇگۇم،
چوغدەك يانار قەھرىلىك كۆزى.
پىسەنت قىلماس ياۋ تەھدىتىگە،
ئەلنىڭ باتۇر ـ قەھرىمان قىزى.
ـ يوقۇتايلى زالىم دوۋاگىنى! ...
پاچاقلايلى زۇلمەت تەختىنى! ...
ئورنىتىلسۇن يۇرتقا ئادالەت،
تاپسۇن يۇقسۇل خەلق بەختىنى.
ئالغا، جەڭگە! ۋەتەنداشلىرىم!
تونۇپ قويسۇن مەلئۇنلار بىزنى!
يېتەكلەيتتى ئاۋازى جەڭگە،
سان ـ ساناقسىز ئوغۇل ۋە قىزنى ...

ئەمەلدارلار، بەگەر، دارىنلار،
كىرىشۋالغان يامۇل ئىچىگە.
تېپىرلىشار ھەۋلۇقۇپ، تىترەپ،
ئىشەنچ قىلماي لەشكەر كۈچىگە.
ياردەم سوراپ ئۇنلاپ چاپارمەن،
ئەۋەتىشتى تەرەپ - تەرەپكە.
تولغىنىشار خۇددى يىلاندەك،
زەھەر قايناپ، كىرىپ غەزەپكە.

يامۇل ئالدى.

خۇددى قىيامەت،
تولغان ئەتراپ ئالا - چۇقانغا.
تۇتۇشماقتا چېرىكلەر بىلەن،
ئىسيانكارلار چۈمۈشۈپ قانغا.
تولغان ئىدى مەيدان، كوچىلار،
ئۇر - يىقىت ... قا
شاۋقۇن - سۈرەنگە.
چىقتى بىردىن يامۇل ئىچىدىن،
مىڭلاپ ئاتلىق چېرىك ياردەمگە.
قىساسكارلار ئېتىلدى يانماي،
غەزەپ، ئۆچلۈك چىقتى ئەۋجىگە.
داۋام قىلدى قانلىق ئېلىشىش،
يەر - زېمىن كەلدى لەرزىگە.
گويا شېھىردەك باقى، ئابدۇللا،
چېرىكلەرنى چىشلەتمەكتە يەر.
يىگىت بولۇپ ياسانغان نۇزۇك،

ياڭتىرايدۇ قولىدا شەمشەر ...
يامغۇر تامان چېكىلىندى چېرىك،
قارىماستىن ئالدى ـ كەينىگە.
سۇرۇپ ماڭدى قوزغىلاڭچىلار،
كىرمەك بولۇپ يامغۇر ئىچىگە.
لېكىن، يامغۇر پوتەيلىرىدىن،
ئوق يامغۇرى ياغدى ئۇستىلەپ.
ئوچۇق مەيدان،
قالدى قانچە تەن،
كۆز يۇمۇشتى ئارماندا، ئوق يەپ.
.....................................
كەچ كىرمەكتە، پاتماقتا قوياش،
قىزىل قاندەك قىزارغان ئاسمان.
كوچىلاردا ياتار جەسەتلەر،
ئەتىراپىدا ئۇيۇپ قاتار قان ......

*　　　*

جەڭ يالقۇنى يەتتى پەلەككە،
ئەل كۆچىنى قىلدى نامايان.
تارىخ يازدى ئەۋلادى ئۈچۈن،
ساپ قېنىدا سانسىز قىز ـ ئوغلان.
بىلدى ياۋمۇ خەلق كۈچىنى،
دەككە يېگەچ قالدىق جەڭ ئارا.
بۇ يۇرت بىلەر، زۇلۇم ئالدىدا،
تىز پۈكۈشتىن ئۆلۈمنى ئەلا.

# ئالتىنچى باپ

## تۇتقۇندا

I

ئەتراپ سۈرلۈك، ھۆكۈم سۈرىدۇ،
قورقۇنچلىق ئۆلۈم جىمىلىقى.
ئاستا - ئاستا چۈشمەكتە گۈگۈم،
يېپىلماقتا تۈننىڭ يوپۇقى.
باستۇرۇلۇپ قانلىق قوزغىلاڭ،
باسقان چاغدا ئەلنى مۇسىبەت.
ئوردا - ساراي، مەھكىمىلەردە،
قىزىپ كەتتى ئىشرەت - زىياپەت.
دارىن، ئامبال، بەگ، باي دىگەننىڭ
بولغان ئىدى ئوشۇقى ئالچا.
شۇڭا بۈگۈن ئوينايتتى مەغرۇر،
قوللىرىدا قىلىچ ۋە قامچا.
كەيپى - ساپادا سۈرەر كەچلىرى،
قىلىپ بەزمە، ئويۇن تاماشا.
ھاراق - شاراپ، ماجاڭ، قىمارنىڭ
ھۇزۇرىنى سۈرۈپ كەڭتاشا،
دوتەي شۇنچە كەتكەن گىدىيىپ،
ھېجىيىشتىن يۇمالماس ئېغىز.
دەر كۆڭلىدە: «خان بولامدىمەن،
باشلىرىڭدا چاقمىسام مېغىز...»
يۇرت - يۇرتلارغا چۈشەردى پەرمان:
«ئىسيانچىلار تۇتۇلسۇن دەرھال!

ئۆلتۈرۈلسۇن بويسۇنمىغانلار،
ھەممە تەرەپ قىلىنسۇن قامال!...»
سۇر - ئەندىشە باسقان شەھەرنى،
شات - كۈلكىلەر نەگىدۇر يۈتكەن،
دىللار غەمكىن - نامرات يىغىلار،
قايغۇ - ماتەم قوينىغا چۆككەن.
كىچە - كۈندۈز چېرىك - يايىلار،
قېتىراپ، توپ - توپ ئادەم تۇتۇدۇ.
بىرلىرىنى زىندانغا تاشلاپ،
بىرلىرىگە ئەجەل يۇتىدۇ.
ئالدىرايدۇ زىندان بەگلىرى،
مۈيۈگىزىدا جاللاتمۇ قاتال،
پەرمان بېرىپ ئارقا - ئارقىدىن،
شاپاشلايدۇ ھەرياققا ئامبال.
بوغۇزلايدۇ ئادەمنى قويدەك،
رەھىم - شەپقەت بىلمەيدۇ ئۇلار.
جاللاتلىقتا قاتقان يۈرەكلەر،
قان دېڭىزدا بويالغان قوللار...
بۇلۇت - تۇمان قەشقەر ئاسمىنى،
كىيگەن گويا ماتەم تونىنى.
نالە قىلار تۇمەن غەزەپتە،
قىرغاقلارغا ئۇرۇپ كۆكسىنى.
قۇلاقلارغا كىرىدۇ پەقەت،
يىغا - زارە، غەزەپلىك پىغان.
كۆل رەڭگىدە ئاسمان گۈمبىزى،
قەھرى بىلەن گۈرۈلدەر بوران.

## 11

چىڭقۇر زىندان،
پۇتىدا كىشەن،
ياتار نۇزۇك ئەلەمدە يىنىپ.
نەم تۇپراقتىن كۆپۈلدەيدۇ زەي،
بوغۇلىدۇ دېمى سىقىلىپ.
ئىگرايدۇ ئۇ ئاچچىق تولغۇنۇپ،
كۆز تىكىدۇ يورۇق تۈڭلۈكقا.
غۇچۇرلايدۇ ئەلەمدە چىشى،
قايناپ غەزەپ، زۇلۇم، - خورلۇققا.
ئۇ بىلىدۇ خورلۇق ئالدىدا،
باش ئېگىشنى ئۆلۈمگە تەڭ دەپ.
ئۇمىتسىزلىك بەرمەس شاپائەت،
كۆلمەس ئەركىنلىك، قىلمىساڭ جەڭ، دەپ.
ئىرادىگە كۈچ بەردى نەپرەت،
قەھرى گويا شىددەتلىك ۋولقان،
ئۇ ئورنىدىن تۇردى سىلكىنىپ،
يۈرىگىدە لاۋۇلداپ گۈلخان.
كۆزلەر چاقناپ، ئېچىلدى لەۋلەر،
كەتتى ياڭراپ غەزەپلىك نىدا.
زىندانلارنى سالدى لەرزىگە،
ئىسيانكار دىل كۆتەرگەن سادا:
«زالىم پەلەك زار قاخشاتتى،
ئاتتى، چاپتى، دارغا ئاستى.
مىڭ - مىڭلىغان يىگىت - قىزلار،

يـاۋ قولىدا قانغا پاتتى.
ئـەلنىڭ ئاھى بولدى قىيان،
نەپرىتىمىز تولۇپ تاشتى.
دوۋاڭ سالغان زۇلۇم - خورلۇق،
يوقسۇللارنىڭ كۆزىنى ئاچتى.
ئەركىنلىك دەپ جەڭگە چىققۇق،
كۆردى مەلئۇن كۈچىمىزنى.
بىلسۇن دوۋاڭ بىز قويمايمىز،
ئالماي قىساس - ئۆچىمىزنى...»

III

نە ئادىمىزات، نە يورۇق كۈننى.
كۆرمەي ياتتى يەتمىش نەچچە كۈن.
چاڭگىلىشىپ پاخپايدى چاچلار،
سامـان كەبى سارغايدى ھۆسۈن.
كىچە - كۈندۈز چۈچۈنلەر بىلەن،
جەڭ'ەر قىلىپ قوللارمۇ تالدى.
ئـەنە، قانلىق ئىپلىششلارنىڭ،
داغ - ئىزلىرى تاملاردا قالدى.
ئۇ سېغىندى مېھرىبان ئاتا،
قان - قېرىنداش دوست ۋە يارىنى.
ئۇ سېغىندى يورۇق جاھاننى،
ئـۆزى ئۆسكەن ئىلىق ماكانىنى.
ئۇ سېغىندى مەرۋايىت سۇلار،
ئوخچۇپ ئاققان گۈزەل تۇمەننى.
ئۇ سېغىندى مال - ۋاران قۇشلار،

يېشىل دالا، گۈل ۋە چىمەننى..
ئۇ زىنداندا، لېكىن خىيالى،
ئەركىنلىكتە قىلاتتى جەۋلان.
زەئىپ تەنگە مەرت ئىرادىسى،
بىرەر ئىدى شىپالىق دەرمان.
شائىرەنىڭ قەلبى دولقۇنلاپ،
ئايلىناتتى كۈيگە - قوشاققا.
ئەلگە ۋاپا سۆيگۈ - ساداقەت،
ئايلىناتتى پۈتمەس بۇلاققا.

## يەتتىنچى باپ

## سۈرگۈن

I

قارا بۇلۇت ئاقار تۈرۈلۈپ.
ئاسمان - زېمىن بەك سۈرلۈك شۇ تاپ.
ئاقار توپ - توپ ئادەم ئېقىمى،
قۇم دەرۋازا تەرەپكە قاراپ.
بارار ئاپپاق ساقال بوۋايلار،
چىرايلاردا ئالەمچە مۇڭ - غەم.
ئالدىرىشىپ ماڭار مومايلار،
ئاھ ئۇرۇشۇپ كىرپىكلىرى نەم.
يۈزلەپ، مىڭلاپ ھۈنەرۋەن - كاسىپ،
ئىش تاشلىغان بۈگۈن ھەممىسى.
بازارلاردا توختىغان سودا،

سۈرلۈك ھەر بىر كوچا رەستىسى.
بارار باققال مەدىكارلارمۇ،
ئاشۇ تويىنىڭ بولۇپ دەرتدىشى.
يېتىمچىلار، دىۋانىلارمۇ،
ساڭگىلىغان ھەسرەتتە بېشى.
بارار كىچىك گۆدەك باللار،
چوڭلار بىلەن ئوخشاش تەشۋىشى.
دەيدۇ ھەممە:
- زادى نىمانچە،
تەتۈر بىزگە پەلەك گەردىشى؟!
مىغىلدايدۇ ئادەم ئېقىمى،
قۇم دەرۋازا يولىنى توراپ.
غەم - تەشۋىشلىك، ھەسرەتلىك كۆزلەر،
يامۇل ياققا تىكىلگەن شۇتاپ.
تۈنۈگۈن كەچ زالىم دوۋاڭنىڭ،
پەرمانىنى ئاڭلىغان شەھەر.
ئۆيقۇ كەلسۇن كۆزلەرگە قانداق؟
قوزغالدى خەلق شۇڭلاشقا سەھەر.
نەچچە مىڭلاپ ئادەمنى بۈگۈن،
قىلىشماقچى ئىلىغا سۈرگۈن.
ئەل يۇرت، - قەۋمى - قېرىنداشلارغا،
ئېغىر ماتەم بولمامدۇ بۇ كۈن!؟
نۇزۇگۇممۇ شۇلارنىڭ بىرى،
ئايرىماقچى ئۇنى يۇرتىدىن.
ئايرىماقچى سۆيۈملۈك ئاتا،
ئەل، قېرىنداش، يارۇ - دوستىدىن.

توپ ئىچىدە بىچارە ئاتا،
ئەس ھۇشى يوق تۇرىدۇ ئاران.
ئاپپاق ساقال، ئاپپاق چاچلىرى،
تىترىمەكتە كەتكەچكە دەرمان.
باغلاپ قولىنى، كىشەنلەپ پۇتىنى،
ئېلىپ ماڭسا يۈرەك پارەڭنى،
كۆرۈپ تۇرۇپ، لەۋ چىشلەپ تۇرۇپ،
قىلالمىساڭ بىرەر چارەڭنى.
مۇجۇلامدۇ قەلبىڭ ۋۇجۇدۇڭ،
بۇ ئازابىڭ ئاچچىق دەردىدىن؟
قىلالايسەن قانداقمۇ سەۋر،
بۇ رەھىمسىز خورلۇق دەستىدىن؟!
كاۋاپ قىلدىڭ ئەلنىڭ باغرىنى،
ئاھ شۇم پەلەك رەھىمسىز پەلەك!
زەھەر چاچتىڭ ھاياتىمىزغا،
لەنەت ئېيتار ساڭا ھەر يۈرەك.
ئېلىپ چىقتى ئەنە ئۇلارنى!
بىردىن خەلق كەتتى تەۋرىنىپ.
چوڭ ئېچىلدى مىڭلىغان كۆزلەر.
ۋە چىقتى تەڭ ياشلار ئېتىلىپ.
خەلق توپى تەۋرەپ دېڭىزدەك،
غۇژمەك بولۇپ توسۇشتى يولنى.
ياشۇ - قېرى، بالىلارمۇ ھەم،
چىڭ تۇتۇشتى قولىغا - قولنى.
توپ ئالدىغا كېلىپ توسۇلۇپ،
توختاپ قالدى چېرىكلەر مەڭدەپ.

بەزىلىرى قىلىشتى ھەيۋە،
ئۆزلىرىچە، مىلتىقنى بەتلەپ.
«نۇزۇك، قىزىم، يۈرۈگۈم باغرىم!»
تۇپ ئىچىدىن چىقتى بىر سادا.
ئاقۋاش بوۋاي ئېتىلدى ئالغا،
خەلق شۇئان يول بەردى ئاڭا.
«قىزىم، بالام باغرىم. جىگىرىم!»
تۇۋلار ئاتا ئۈنى بوغۇلۇپ.
«نۇزۇك!
بىزنىڭ نۇزۇگۈم ئەنە!»
مىڭلارچە ئۈن كەتتى قوشۇلۇپ.
چېرىكلەرنىڭ قورشاۋىن بۆسۈپ،
چىقتى نۇزۇك ئالغا ئېتىلىپ.
ئاھ، ھەسرەتتا، بىچارە ئاتا،
مۈدۈرگەنچە، كەتتى يىقىلىپ.
كىشەنلەگەنلىك بولسىمۇ پۇتى،
كەلدى نۇزۇك، ئۈلگۈردى يۆلەپ.
قۇچاقلىدى ئاتىسىنى ئۇ،
كەتتى ئاتا يىغلاپ - ھۆكۈرەپ.
ئاتا:
جېنىم قىزىم نۇزۇگۈم،
ئەقلى تازا قۇندۇزۇم.
كۈلپەت چۈشتى بېشىڭغا،
تۇتقۇن بولدۇڭ شۇرلۇغۇم.
كۆيدۈرسە كۆيمەس ئىدىم،
ئەمدى كۆيدۈم كۈل بولدۇم.

غازاڭ بولغان باغلاردەك،
سارغىيىپ سامان بولدۇم.

نۇزۇگۇم؛

رازى بول. جېنىم ئاتا،
ئاقلالمىدىم بەرگەن تۇزۇڭ.
گەر قازا يەتمەي ئامان،
كەلسەم قىلارمەن، خىزمىتىڭ.
تارسىلدىدى باشتا قامچىلار.
ئاپپاق باشتىن ئاقتى قىزىل قان.
نۇزۇڭ تۇردى ئورنىدىن چاچراپ،
غەزەپ ياققان كۆزلەرگە گۇلخان.
-تارت قولۇڭنى بىنومۇس ئەبلەخ!
يوقمۇ ۋىجدان سېنىڭدە زادى؟
ئاتا - ئاناڭ يوقمۇ سېنىڭكى.
يوقمۇ مېھرى قەلبىڭدە زادى؟!
غالجىرلىشىپ، چىچاڭلىشىپ چېرىك،
قامچىسىنى يەنە كۆتەردى،
بىراق خەلق دۈۋرەپ شۇ هامان،
قانخۇ مارىنىڭ ئىشىن پۈتتۈردى.
ئاياقلارنىڭ ئاستىدا قالدى،
شۇم جاللاتنىڭ زەھەرلىك بېشى.
چېرىكلەرنى تىترەتتى دىر -دىر،
قەھرى تاشقان ئەلنىڭ بۇ ئىشى.
ئەپسۇس، شۇ ئان يامۇل ئىچىدىن،
بىر تۇپ ئاتلىق چىقتى ئېتىلىپ.

يۈپۈرۈلدى كاللا كېسەرلەر،
تىغسىز ئەلنى رەھىمسىز چېپىپ...
قورال بىلەن تەھدىت سېلىشىپ،
ئاران - ئاران يىلنى ئېچمىشتى.
ئەل قەلبىنى مۇجۇپ قان قىلىپ،
ئۆتكۈنلارنى ھەيدەپ مېڭىشتى.
قىزى ياققا ئېتىلدى يەنە،
ئايرىلالماي بىچارە ئاتا.
يىل بەرمىدى بىراق چېرىكلەر،
ئۆرۈپ قىلىچ، قامچىدا يەنە.

ئاتا :

شېردىن قىزىم ئۆزۈكتاي،
ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلدىم.
ھېچكىم مەندەك بولمىغاي،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.
خەير قىزىم ئۆزۈگۈم،
ئەقلى تازا قۇندۇزۇم،
بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم،
مېنىڭ ھايات يۇلتۇزۇم.

ئۆزۈگۈم:

خەير، ئاتا، مېھرىبانىم،
غەمگۇزارىم ياخشى قال.
كۆزلىرىم ئاقۇ - قاراسى،
تەندە جانىم ياخشى قال.
بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن،

يارۇ دوستلار ياخشى قال.
كېندىك قېنىم تۆكۈلگەن،
قەشقەر شەھرىم ياخشى قال!...

II

پايانسىز چۆل،
ھۆۋلايدۇ بوران،
تاش - قۇملارنى ئۇچۇرۇپ ھەريان.
ئاستا - ئاستا كەلمەكتە مېڭىپ،
تۇتقۇنلاردىن تۈزۈلگەن كارۋان.
ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق ئاۋازى،
ماغدۇرىنى قۇرۇتقان ئىدى.
جالداقلايدۇ پۇتلاردا كىشەن،
ھەر قەدەمدە ئەجەل تەھدىدى.
قامچىلايدۇ چېرىكلەر تېخى،
يۈرەك زەرداپ تىل - ھاقارەتتىن.
كۆيىدۇ تەن گاھى چۆلدىكى،
تونۇر كەبى ئوت - ھارارەتتىن.
بەزەن قىزىپ، بەزەن سىرغۇيدۇ،
دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرى.
گاھ سەكرىشىپ قالىدۇ خىرىس،
كەسلەنچۈك ۋە چۆل يىلانلىرى،
يول ئازاۋى، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق،
تۈشمۇ - تۈشتىن ئازاپ سالىدۇ.
يول - يوللاردا جانسىز گەۋدىلەر،
قوزغۇنلارغا يەم بولۇپ قالىدۇ.

چىدىيالماي زۇلۇم خورلۇققا،
گاھ بىرلىرى ئىزار ئاھ - پىغان.
سەۋرى تېشىپ گاھى بىرلىرى،
جانىنى تىكىپ كۆتۈرەر ئىسيان...
تىرىك تۇرۇپ كۆردى دوزاقنى،
شۇ گۇناسىز سىزلىغۇن بەندىلەر.
قالدى قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ،
شىر سۈپەتلىك نى - نى گەۋدىلەر.
قانچە جەسەت، نامسىز، قەۋرىسىز،
قىرىم دۆڭلىرى ئاستىدا قالدى.
تاش ئۈستىدە قانىنىڭ داغلىرى،
يىغلىغۇنلارنىڭ قانغا بويالدى.

III

ئېغىر كۈنلەر، تۈنلەر، ھەپتىلەر،
ئاستا - ئاستا ئۆتەر تىزىلىپ.
كىشەنلەنگەن يالاڭئاياق پۇتلار،
قۇم - چۆللەرگە كېتەر ئىز سېلىپ.
كېتەر نۇزۇك ئاشۇ سەپ بىلەن،
يۈرىكىدە ئەلەملىك پىغان.
قاناتلانغان ئۇنىڭ خىيالى،
تىنىم تاپماي ئۇچىدۇ ھەريان.
ئاھ، مېھرىبان كۆيۈمچۈك ئاتام،
نە كۈن شۇتاپ سېنىڭ بېشىڭدا؟
قەيەرلەردە سەرسانىكىن ئاكام،
كاشكى...ھەمرا بولسا قېشىڭدا!؟

ئەپسۇس بىزگە رەھىمسىز ـ پەلەك،
جۇدالىقنىڭ دەردىنى سالدى.
رەزىل تەقدىر دىلبىرىمىزغا،
مەڭگۈ ئۆچلۈك قەھرىنى سالدى.
بىرۇ تۈگىمەس يوللارنى بەلكى،
بىراقىجانمۇ ئۆتكەندۇ بىسەپ.
چىن دىلىمدىن سۆيگەن شۇ يارغا،
قوشۇلمىغىم بولغايمۇ نېسىپ...
چەكسىز يوللار، چەكسىز چۆل، داۋان.
سوزۇلغانتى ئۇزاقتىن ئۇزاق.
كەچ كىرمەكتە،
قانىنىڭ رەڭگىدەك،
قىزارماقتا بىپايان توپراق.
ئاران ـ ئاران كېلەر سۆرۈلۈپ،
جاپا ئەزگەن بەختسىز كارۋان.
كىشەنلەرنىڭ جالدۇر ـ جۇلدۇرى،
تىنچ چۆلدە تارقايدۇ، ھەريان.

## سەككىزىنچى باپ

## ئىلىدا

I

يەنە بىر كەچ،
قىپ ـ قىزىل شەپەق،
ئاشۇ رەڭدە ،چوققا ـ قىيالار.

ئاشۇ رەڭدە ئېدىر - دالالار،
ئاشۇ رەڭدە چېچەك - گىيالار،
تاغلار ئارچا، قېيىن، قارىغاي،
گۈپۈلدەيدۇ خۇش بۇي پۇراقلار.
ناخشا ئېيتار ئورمان قۇشلىرى،
چالىدۇ ساز زۇمرەت بۇلاقلار.
تار ۋە كىچىك تاغ يولى بىلەن،
كېلەر ئاستا سۈرگۈنلەر توپى.
ئېغىر ھاردۇق ئېزگەن ئۇلارنى،
ئاران - ئاران دەسسەيدۇ پۇتى.
نەمخۇش سالقىن تۇرىدۇ ئۇرۇپ،
ھارغىن تەنگە راھەت بېغىشلاپ.
سۇزۇق دىللار تاپقاندەك ئارام،
قارار ھەريان تويماي يېپىشلاپ.
قويۇقلىشىپ كۈزگۈزۈم تۇمانى،
چاچ رەڭگىگە كىرمەكتە ئاسمان.
يۈزلەپ، مىڭلاپ كىشەن ئۈنىدىن،
ئەندىككەندەك چايقىلار ئورمان.

II

«چوك يۇلتۇز» ① دا باشلاندى كۈندۈز،
ئالتۇن شولا كىردى روجەكتىن.
ئاچتى كۆزنى چۆچۈپ نۇزۇگۇم،
تۇردى تەستە پاخال تۆشەكتىن.
سۆڭەك - سۆڭەك ئاغرىيدۇ قاخشاپ،

① چوك يۇلتۇز - يەر ئىسمى

دەسسەشكىمۇ يوق ماغدۇر ـ ماجال.
كۆزلەر مۇڭلۇق لەۋلەر قۇرۇغان،
شۇنچە ھارغىن گۈزەل ئاي جامال.
يېپىلىپتۇ قارا بۇلۇتتەك،
يەلكىسىگە سۇمبۇل چاچلىرى.
ئاغرىقتىنمۇ ياكى خىيالدىن،
تۈرۈلۈپتۇ ھىلال قاشلىرى.
سىقىرايدۇ پۇتلار زىڭىلداپ،
ئازاپلايدۇ ئاغرىق توختىماي.
كېچىنىمۇ ئۆتكۈزدى شۇنداق،
ئاغرىق بىلەن تۈزۈك ئۇخلىماي.
قېپىسىن تامىلىق كىچىك كامىرا،
زەي پۇرايدۇ تېمى ـ تېگىدىن.
كىتىرلايدۇ چاشقان، چۆچۈنەر،
سىقىلار دەم سېسىق ھىدىدىن.
قىز تىكىلدى، كىچىك رۆجەكتىن،
ئېقىپ چۈشكەن ئالتۇن شولىغا.
ئۆچتى شۇ ئان ئۇنىڭ خىيالى،
ئۆزى ئۆسكەن ئەزىز يۇرتىغا.
كەچۈرگەندۇ نە كەچمىش ئاتا،
كەلتۈرگەندۇ نە ھال جۇدالىق؟
ياشانغاندا يالغۇز ئاتامنىڭ،
ئۆتەر كۈنى قانچە جاپالىق؟!
ئاھ بىچارە بەختسىز ئاتام،
زەپمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالدىڭ.
ئاھ رەھىمسىز زالىم شۇم پەلەك،

بىزنى ئەجەپ كويلارغا سالدىڭ؟!
باغرى كاۋاپ بولۇپ ئۈزۈكنىڭ،
ئەلەم بىلەن ئۆرلەر پىغانى.
ئۇ ئوقۇيتتى زامانغا لەنەت،
دىلدا قايناپ غەزەپ قىيانى،
كىتىرلايتتى چاشقان، چىپكەتكە،
سىقىلار دەم سىپىدىق پۇراقتىن.
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى ئۈزۈك.
قايغۇ - ئەلەم - ھىجران - پىراقتىن.

III

ئۆتەر ئىدى ئازاپلىق كۈنلەر،
پەقەت خىيال ئۈزۈككە ئەمەك.
تەلپۈنەتتى ئەركىنلىككە ئۇ،
دىلدا يەنە ئىسيانكار ئىستەك.
ئۇ ئويلايتتى: سۈرسەم بوران بوپ،
جەھەننەمگە زۇلمەت تەختىنى.
بولۇپ ئىللىق قۇياش شولىسى،
كۆلدۈرسەم ئەلنىڭ بەختىنى.
پاچاقلىسام تەڭسىز زاماننىڭ،
كىشەن - زەنجىر، زىندانلىرىنى.
يالقۇن بولۇپ ئۇلغايتسام ئىدىم،
قىساس - ئەنتىنىڭ گۈلخانلىرىنى!
ئاشۇ ئارزۇ - خىيال قەلبىدە،
پەيدا قىلدى بىر ئۈمىت - پىلان.
جەسۇر يۈرەك دولقۇن ياسىدى،

تومۇرلاردا ئۆركەشلىدى قان.
دۈپۈرلەشلەر ئاڭلاندى بىردىن،
ئوي خىياللار كەتتى چېچىلىپ.
مۇز تەلەتلىك بەش - ئالتە كىشى،
كىرىپ كەلدى ئىشىك ئېچىلىپ.
ياۋۇز كۆزلەر قالدى قادىلىپ،
ھاياسىزلىق ئاچكۆزلۈك بىلەن.
«پاھ، بۇ ئەسىر - بىر پەرىشتەغۇ؟»
كۇسۇرلاشتى يۈزسىزلىك بىلەن.
تارتتى ئاستا ئامبالنى يانغا،
سېمىز، پاناق بىر قالماق بېيى.
گۆشلۈك يۈزلەر چۈشكەن ئېسىلىپ،
پاقىرايتتى كۆزىنىڭ مېيى.
گۇدۇڭلاشتى ئىككىسى خېلى،
گاھ چەكچىيىپ گاھ جىددىلىشىپ.
ئاخىر ئۇلار پۈتۈشتى بولغاي،
كەتتى خۇشال، تەڭ ھىجىيىشىپ.
جىرىڭلىدى ئالتۇن تەڭگىلەر،
قولدىن قولغا ئالماشتى ھەميان.
سودىسىدىن بايمۇ رازى بوپ،
قەدەم ئالدى نۇزۇگۇم تامان...

## IV

نۇزۇگۇمنى ئېلىپ كەتتى باي.
ئۆز ئۆيىگە ئاشۇ كۈنىلا.
شۇنچە كۆپ پۇل سەرپ قىلىشنىڭ،

سەۋدۇنى بىلەر ئۈزلا.
قىزنىڭ ئايدەك گۈزەل جامالى،
شۇم كۆڭلىگە سالغان بىر نىيەت.
چوت سوقاتتى قوسىغىدا ئۇ:
«بۇمۇ ماڭا كەلگەن غەنىمەت!؟
قىزدىق قىسمەت!
باينىڭ ئۆيىدە،
تېپىشتى قىز ئاكىسى بىلەن.
قېرىنداشلار زار - زار قاخشىدى،
خىياللىرى ئاتىسى بىلەن.
دەرتلىرىنى تۆكۈشتى ئۇلار،
يۈرەكلىرى راسا قانغىچە.
بايان قىلدى كەچمىشلىرىنى،
ئۆتتى شۇنداق نەچچە كۈن - كېچە.
بىر كۈنى كەچ ئابدۇللا ئاكا،
خەۋەر بەردى باقىدىن يەنە،
بىر زالىمنىڭ ئۆيىدە ئۇمۇ
مالاي ئىكەن،
يېقىنلا يەردە.
كۆك ئاسماندا ئۇزەر تولۇن ئاي،
كەڭ زېمىنغا چېچىپ كۈمۈش نۇر
كۈندۈز ئىشلەپ هارغان كىشىلەر،
ئۇخلاشماقتا شۇدەم بەهۇزۇر.
خىلۋەت يارلىق،
مەهەللىدىن چەت،
ئولتۇرىدۇ بىر جۈپ يىگىت - قىز.

قايغۇ-شاتلىق كەتكەن ئارىلىشىپ،
دۇپۇلدەيدۇ يۈرەكلىرى تېز.
سالقىن شامال ئۈچىدۇ غۇر-غۇر،
يىگىت-قىزنىڭ سۆيۈپ يۈزىنى.
جىمىرلايدۇ كۆكتە يۇلتۇزلار،
زوقلانغاندەك قىسىپ كۆزىنى.
- باقى جېنىم!...
- نۇزۇكتاي گۈلۈم!...
چىقار تىترەپ ئاشىقلار ئۈنى.
ئۈزۈلىدۇ ئۇتلۇق نەپەسلەر،
يۈرەكلەردە ئىشقىنىڭ كۈيى،
كۆك ئاسماندا ئۈزەر تولۇن ئاي،
زېمىن ئۆزرە كۈمۈش نۇر سېپىپ.
ئاشىقلارنىڭ شىۋىرلىشىنى،
تۈن شاملى كېتىدۇ بېسىپ...

*　　　　*

ئۆتتى كۈنلەر، بىر-بىر تىزىلىپ،
ئېغىر ئىشتىن قۇتۇلماي قوللار.
زۇلۇم - خورلۇق ئۈستى - ئۈستىلەپ،
ئازاپ بىلەن ئۆرتىنەر دىللار.
مۇدھىش كۈنلەر ئاسارىتىدىن،
ئېزىلدى تەن، پۈكۈلدى قامەت.
ئەلەم تولغان ئىسيانكار دىللار،
قانداق قىلسۇن بۇنىڭغا تاقەت؟
ئۈمىتسىزلىك - تەن بېرىش - ئۆلۈم -

ھالاكەتتىن ئېنىق بىشارەت.
ھال جېنىدا قاسساپ قولىدا،
جان تالىشىپ قىلىدۇ ھەركەت.
نۇزۇك، باقى، ئابدۇللا شۇڭا
بولدى بىر كەچ يار بېشىدا جەم.
ئېغىز ئاچتى ھەسرەتتە نۇزۇك،
چېھرى مۇڭلۇق، كۆزلىرىدە غەم.

نۇزۇكۇم:

تۆكىلەر بېشى تاغ بېشى،
مۆلچەرىمىز يار قېشى.
شۇ مۆلچەرگە يەتكەندە،
توختىمايدۇ كۆز يېشى.
يوللارنى تولا مېڭىپ،
ھالسىزلىنىپ تېلىقتىم.
مەن بۇ يەرگە كېلىپلا،
يامان كۆزگە چېلىقتىم.
تۆكىلەر ئاغزى قامقاقتا.
بىز ھەممىمىز قالماقتا.
قالماقنىڭ شۇم نىيىتى،
مەن نۇزۇكنى ئالماقتا.

ئابدۇللا:

جېنىم سىڭلىم نۇزۇكۇم،
سەن بۇ يەردە تۇرمىغىن.
زالىم قاماق قولىدا،
غازاڭ بولۇپ توزىمىغىن.

باقى:

يېغلىما قىز نۇزۇكتاي،
هال دەردىڭگە يېتەي مەن.
هەمرا بولۇپ سەن بىلەن.
يىراقلارغا كېتەي مەن.

قىلدى مەسلىهەت قېچىشنى ئۇلار،
تاپىن قىلىپ ئەتە كېچىنى.
يىراقلاردا هاۋشۇيىتتى ئىتلار،
ئەنىسىز قىلىپ يۇرتنىڭ ئىچىنى.

## توققۇزىنچى باپ

### قارا كۈنلەر

I

«چوڭ يۇلتۇز» دىن چىقىپ نۇزۇگۇم،
قېچىپ ماڭدى غۇلجا تەرەپكە.
ئۈچ كۈن ئۆتۈپ بىلىپ قالدى باي،
سەكرەپ كەتتى كېلىپ غەزەپكە.
هۆكىرىدى چوشقىدەك گويا،
كىيىپ باشقا قورا-هويلىنى.
تۇتۇش ئۈچۈن نۇزۇگۇمنى.
يىغدى،
هەممە غالچا-دوغىلىرىنى.
ئابدۇللانى تۇتۇپ كەلتۈرۈپ،
قىلدى سوراق ياغاچقا باغلاپ.

كالتەكلىدى تەرەپ ـ تەرەپتىن،
ئالالمىدى زادىلا جاۋاپ.
ئۆز باغرىنى كۆيۈملۈك ئاكا،
مەلئۇنلارغا بىرەمتى تۇتۇپ؟
ئۇ تىنمىدى، ساقلىدى سىرنى،
قىيناشىسىمۇ ھەر قانچە ئۇرۇپ.
پۇت قولنى زەنجىرلەپ ئۇنىڭ،
دۆڭ يامۇل ① غا بىرىشتى يوللاپ
ئاتلىنىشتى يەنە ئۆزلىرى،
نۇزۇگۇمنىڭ ئىزىنى قوغلاپ.
يۇرت ـ يۇرتلارنى تاغۇ ـ جاڭگالنى،
ئاختۇرۇشتى نەچچە كۈن كىزىپ.
ھىرىپ ـ چارچاپ ، قاخشاپ سالپىيىپ،
تاپالماستىن كىلىشتى يىنىپ .

## III

گەپ ئاڭلايلى ئەمدى نۇزۇكتىن،
ماڭدى تىنماي، ئۇ پۈتۈن كىچە.
تاڭ ئاتقاندا جاڭگالغا كىرىپ،
ئارام ئالدى تا كەچكىرگىچە.
كۈندۈزى يېتىپ، كېچىسى يۈرۈپ،
يېتىپ كەلدى لىنكو ② بويىغا.
پىچاق بىلەن ئۇرۇپ قومۇشنى،

---

① شەرقى يامۇل.

② لىنكو ـــ ئىلى دەرياسىدىن توققۇزتارا ئۆستەڭگىچە سۇ كىرىدىغان ئېقىن.

بىر كىچىك سال ياسىدى ئۇندا.
ئۇ، خاتىرجەم سالغا ئولتۇرۇپ،
ئۈزدى قاراپ ئالمۇتيار ① ياققا.
كۆرۈپ قالدى ئەپسۇسكى ئۇنى،
زالىملارغا سادىق بىر غالچا.
خەۋەر تېپىپ قالماق ئامبىلى،
ئات چاپتۇردى كۆرە شەھىرىگە.
هازىرلاندى ئىككى يۈز سولان،
بويۇن سۇنۇپ جىياڭجۇن ئەمرىگە.
«نەدە بولسا تېپىڭلار ئىزدەپ،
كەلتۈرۈڭلار ئۇنى ماڭا پات.
تۇتقانلارغا تەقدىم قىلمەن،
بىر ئۇچقۇر ئات ۋە كۆپ مۇكاپات!....»
بوتا زەڭگى ② سولاننى باشلاپ،
ماڭدى ئىزلەپ ئۇنى تۇتۇشقا.
تاپالماستىن ئۈچ كۈن ئاختۇرۇپ،
ئوت يېقىشتى ئاخىر قومۇشقا.
«....قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى،
يالغۇز باشقا مۈڭ چۈشتى.
مەن نۇزۇكنى تۇتقىلى،
سولانلار يولغا چىقتى.
قومۇشلۇققا ئوت قويدى،
قېچىپ كىرەي دەرياغا.

① ئالمۇتيار — غۇلجا شەھەر بايانداي يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى جاي ئىسمى.
② بوتا زەڭگى — سولانلار باشلىقى.

ھەرگىز خوتۇن بولماسمەن،
سۇلان يۈزى قاراغا.»
قېچىپ ئۇزۇك ئوت يوق يەر بىلەن،
تاغ تەرەپكە ماگدى كېچىدە.
بىر مالچىنىڭ ئۆيىگە ئۇچراپ،
تۆردى ئۈچ كۈن ساق ئۇنىڭكىدە.
كۈندۈزلىرى جاڭگالغا كىرىپ،
ساپ ھاۋادا ئايلىناتتى ئۇ.
ئاتىسىنى ئېلىپ يادىغا،
بۇلبۇل كەبى مۇڭلىناتتى ئۇ:
«مەن قەشقەردىن چىققانچە.
تۆشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئاتام ئۆرگەن چىچىمغا،
تاغاق سېلىپ باققان يوق.
كۆرەلمىدىم ئاتامنى،
ئاگا قېنىپ باققان يوق.
مەن ئۇزۇكتەك ھېچكىمشى،
يالغۇز چۆلدە ياتقان يوق.
.................»

III

يېتىپ كەلدى تاغ تەرەپكىمۇ،
ئاختۇرۇشۇپ يەنە سولانلار.
بۇنى سېزىپ ئالمۇتىيار ياققا،
ماگدى قېچىپ ئۇزۇك شۇ ئانلا
تەتۈر ئىدى پەلەك، ۋادەرىخ!

قۇرۇلغانتى ھەر جايغا توزاق.
ئاھ، نۇزۇكنى ئالدى قوينىغا،
جەۋرىلەردىن يۇتۇلمىش دوزاق،
كۆز ئالدىدا كۆرە جىياڭجۇنى،
كۆردى قورقماس بىر ئارىسلاننى.
ئۇ كۆردىكى تەقدىر ئالدىدا،
تىز پۈكمەس بىر جەسۇر قىراننى.
كار قىلامدۇ بۇنداق باتۇرغا،
ھەرخىل جازا ـ قىيناق دىگەنلەر.
كار قىلامدۇ ئۆلۈمنى پىسەنت،
قىلمىغاندا، كويزا ـ كىشەنلەر؟
جىياڭجۇن ئويلاپ ئۇزاق، ئاخىرى،
بىر پىلاننى پۈكتى كۆڭلىگە.
ۋە تاپشۇردى «قاچۇرمىغىن» دەپ،
كۈچلۈك دارىن ـ شىسەن لويىغا.
دالۇيەنىڭ ئالغان ئايالى،
قەشقەرلىقكەن نۇزۇكقا تونۇش.
شۇڭا نۇزۇك خېلى كۆڭىلچە،
تىنچ ئازارسىز ئۆتكۆزدى تۇرمۇش.
بولدى سىرداش نۇزۇكقا يەنە،
ئاشۇ ئۆيدە، بىر مالاي ئايال.
مۇڭنىڭ ئېرى نۇزۇك ھالدىن،
خەۋەر بەردى باقىغا دەرھال.

*　　　　*

بىر ھەسرەت بار ئىدى باقىدا،

نەچچە كۈندىن ئازاپقا سالغان.
ھەلىقى كۈن باي سىزىپ قېلىپ،
نۇزۇك بىلەن قاچالماي قالغان.
شۇندىن بۇيان چېكەر ئىدى غەم،
پۇشايماندا نادامەتتە ئۇ.
پارە-پارە ئىدى يۈرىكى،
تىت-تىت بولۇپ بىتاقەتتە ئۇ.
كەلدى ئەمدى يارىدىن خەۋەر،
شاتلىق سىغماي قالدى دىلغا.
پەيتىنى كۈتۈپ،
ئىككى ئات ئېلىپ،
ماڭدى چۈشۈپ كۆرە يىلىغا.
بىر جىراغا قويۇپ ئاتلارنى،
كەلدى باقى شەھەرگە يېقىن.
ئۇ ئۇچراشتى ۋەدە بويىچە،
ئايغاقچىغا سەھەرگە يېقىن.
باقى:
نۇزۇك يارىم ئامانمۇ،
ئايغاق دوستۇم ئېيتساڭچۇ!
ئايغاقچى:
نۇزۇك يارىڭ ئاماندۇر،
سۆيۈنچەڭنى بەرسەڭچۇ.
بۈگۈن نۇزۇك ئۆيىدە،
ئادام بىرسىپ يەتسەڭچۇ-
باقى:
ئۇنداق بولسا مەن باراي،

مەندىن خەۋەر ئېيتساڭچۇ.

.................................

ئەينىتى باقى ئۆزى بىكىنگەن،
جىرادىكى يول ـ بەلگىسىنى.
ئايرىلىشتى ئىككىسى خوشال،
ئويلاپ هامانشات كەلگۈسىنى.
بىراق چاتقال ئىچرە يوشۇرۇنۇپ،
سۆز تىڭشايتتى بىر قارا گەۋدە.
بۇ ئىدىكى، باقىنى ئىزلەپ،
يۈرگەن ئەبلەخ ـ شۇم بىزتا زەڭگە
بۇگۈنكى تاڭ باقى، نۇزۇكقا،
ئېلىپ كېلەرۋىسال شاتلىقى.
يوللار خەتەر، جاپالىق لېكىن،
يېگەر ئونى سۆيگۇ تاتلىقى.
سالقىن شامال ئۆتمەكتە سويۇپ،
ئالار باقى ئەركىن ساپ نەپەس.
ئۇ، كېلەتتى بەختىنى ئىزلاپ،
شېرىن خىيال قۇچىغىدا مەس.
يېتىپ كەلدى جىرا بويىغا،
ۋە چۆچىدى شۇنداق بىر قاراپ.
يوشۇرۇنغان نەچچە ئون چىرىك،
ئەتراپىنى ئېلىشقان ئوراپ.
ئۇ تەساۋۋۇر قىلدى شۇ ئانلا؛
ئىزنى قوغلاپ كەپتۇ ـ دە بىرلار.
«ئەهۋال چاتاق، قانداق قىلغۇلۇق؟
ئاه، نۇزۇگۇم!

ئەندى نېم بولار؟»

ئۇ، خەنجەرنى ئالدى قولىغا،
كۆزلىرىدىن ئوت ياندى چاقناپ.
بىردىن ئۇنىڭ قەيسەر چېھرىدە
ئۆتتى كۈلكە جىلۋىسى ئويناپ:
«يارىم ئۈچۈن تىكمەن جاننى،
مەيلى مەنچۈن شىرىن ئۆلۈم بۇ!
ئەپسۇس، قالدى ياۋنىڭ قولىدا،
ئاھ دىلدارىم...
مېنىڭ شورۇم بۇ!...
خوش ئەلۋىدا ...»
پىچىرلىدى-دە،
ياۋغا خۇددى شىردەك ئېتىلدى.
قىساسكارنىڭ خەنجىرىنى يەپ،
نەچچە چېرىك ئاتتىن يىقىلدى.
چىلبۆرىدەك قاپسىدى دۈشمەن،
غالجىرلىشىپ، سېلىشىپ چوقان.
تەڭسىز جەڭدە يىقىلدى باقى،
كۆكرىكىدىن ئوخچۇپ ئاقتى قان.
تاڭ سۈزۈلدى يورىدى ئەتراپ،
قوياش ئاستا كۆزىنى ئاچتى.
جىرادىكى غېرىپ جەسەتكە،
شەپەق قىزىل ئېپەكىنى ياپتى...

## IV

ئەزدى دىلنى ئېغىر مۇسىبەت،

پاره-پاره ئېزۈك يۈرىگى.
نابۇت-بولدى شىرىن خىياللار،
نابۇت بولدى ئارزۇ-ئىستىگى.
ئۈنىڭ ناله، ئاه-ئەپغانى،
بولدى دىلدا زور تاشقىن-قىيان.
بىراق، ئۈنىڭ ئەقىل ئىدرىكى،
سەۋرى بېرىپ، ياسىدى توغان.
كەتتى يۇتۇپ كۆز ياشلىرىنى،
ئىرادىسى قەھرى-غۇرۇرى.
ئۇ بىلەتتى بىچارىلىقتىن،
ياۋ ئالىدۇ، كۆڭۈل هوزۇرى.
ئۇ دىلىغا پۈكتى شۇڭلاشقا،
قىساس-ئەنتىنى، غەزەپ-قەھرىنى.
بولمىغاندەك خۇددى هېچبىر ئىش،
يۈردى ئوخشاش بۇزماي چىھرىنى.
«بەردى بولغاي تەقدىرىگە تەن...»
پەرەز قىلدى دارىن ئۆزىچە.
بىراق، كۆڭلى تاپمىدى ئىمىن،
كىلىپ بىر ئۆي يەنە ئۆزگىچە.
«هەزەر ئەيلەش لازىم بۈنىڭدىن...»
دارىن چۆكتى يەنە خىيالغا.
بىردىن كۆلدى مەمنۇنلۇق بىلەن،
«هە، خوتۇن قىلىپ بىرەي سولانغا...»

# ئونىنچى باپ

## ياتقۇنىدى ئىساس خەنجىرى

I

قېرى سولان يۇرتى سامىزىنغا ①
ئېلىپ كەتتى ئىززوكىنى خوشال.
ئۇ كېلىپلا ھەشەمەت بىلەن،
توي-تۆكۈنگە كىرىشتى دەرھال.
كۆيەر ئىدى نۇزۇك ئەلەمدە،
چېكىپ پىغان مىڭ بىر پىچۇلۇپ،
لەنەت ئوقۇپ رەزىل تەقدىرگە،
تولغىناتتى نەچچە ئاھ ئۇرۇپ.
چىرك قورانى كېيىپ بېشىغا،
مەس سىلانلار سالاتتى چۇقان.
ئۆلگىدەك يەپ-ئىچىشتى ئۇلار،
تۈن نىسپىدە تارقاشتى ئاران.
يېرىم كېچە،
تىنچىغان ئەتراپ،
يىلدى، مالاي ئۇيقۇغا چۆككەن.
شۇدەم ئايمۇ ھارغىنلىق بىلەن،
بىر تىوپ بۇلۇت كەينىگە مۆككەن.
دەلدۈگۈنىپ بىر كەمدە سولان،
كىرىپ كەلدى نۇزۇك يېنىغا.

① سامون ـ ئۆسەكدەرۋازا ۋادىسىدىكى بىر كەنت ئىسمى.



ئۆردى شۇئان بىر بەدبۇي پۇراق
سەسكەندۈرۈپ قىز دىمىغا.
يائۇۇز يات قول كەلدى سوزۇلۇپ،
كەتتى نۇزۇك چۆچۈپ سەسكىنىپ.
ئۇ داچىدى سىزۇلغان قىلدىن،
قان ھىدىنى سېزىپ - يىرگىنىپ.
كۆز ئالدىدا بولدى نامايان،
مەزلۇملارنىڭ زار - پىغانلىرى،
تالاي - تالاي غېرىپ - يېتىمنىڭ،
دەريا بولۇپ ئاققان قانلىرى.
ھېساپسىز دەرت - ئازاپ خورلۇقلار،
چاقماقتىن تېز ئۆتتى ئالدىدىن.
ۋۇجۇدىدا يېنىپ بىرلاۋا،
دەس تۇرغۇزدى ئۇنى ئورنىدىن.
قانخور سولان نەپسى تاقىلداپ،
قۇچاق ئېچىپ ئاڭا ئېتىلدى.
ئەمما، تەككەن كۆچلۈك زەربىدىن.
دەلدۈگىنىپ يەرگە يېقىلدى.
يالتىرىدى قىلىس خەنجىرى،
قىز ئېگىشتى مەلئۇن ئۈستىگە.
ۋە ئۇردى ئۇ بار كۈچى بىلەن،
راسا چەنەپ يۈرەك - كۆكسىگە

II

قاچتى نۇزۇك ئاشۇ كېچىسى،
ماكان تۇتتى جاڭگال ئىچىدىنى.

ئۆتكۈزدى ئۇ يالغۇز - يېگانە،
غەم تەشۋىشتە كۈندۈز - كېچىنى.
جىياڭجۇن، دارىن غەزەپكە كېلىپ،
يايىلارنى چاپتۇردى ھەر يان.
بىراق، ئەمدى نۇزۇكنى تېپىش،
ئەمەس ئىدى ئۇنچىلىك ئاسان.
يۈردى نۇزۇك جاڭگالمۇ - جاڭگال،
ئۇۋ ئوۋلايتتى كۈندۈز كۈنلىرى.
ئىزھار ئىدى كەچمىشلىرىگە،
شۇ كۈنلەردە، ئېيتقان كۈيلىرى:
«ئالتە ئاي ياتتىم خاماندا،
نان پىشۇردۇم ساماندا.
ئاجىز نۇزۇك جاڭگالدا،
ئاتام يۈرەر قاياندا؟
سولان بېرىپ يامۇلغا،
ئەرز قىلىپتۇ جىياڭجۇنغا.
جىياڭجۇن يايى ئەۋەتتى،
مەندەك ئاجىز بىر قىزغا.
يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەجدىھاردەك يۇتقىلى،
ئوتتۇز يايى كېلىپتۇ،
مەن نۇزۇكنى تۇتقىلى.»
كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى نۇزۇك،
ئوت قالىدى قوسىغى ئېچىپ.
ئوت مىسلىگە ① كەتتى تۇتۇشۇپ،

① مىسلى - دەريا بويىدا ئۆسىدىغان قومۇشتەك ئۆسۈملۈك.

ئۇ سۇ ئىلىپ قايتقىچە يېنىپ.
كۆرۈپ قالدى ئوتنى يايلار،
ئات سېلىشىپ كېلىشتى قورشاپ.
بولدى قىستا، قاتتىق ئېلىشىش،
نەچچە يايى قالدى يەر قاساپ.
تۇشمۇ - تۇشتىن قاپسىدى دۈشمەن،
بەزىلىرى سالما تاشلاشتى.
تۇتقۇن قىلىپ نۇزۇكنى يەنە،
پۇت - قولىنى مەھكەم باغلاشتى.

## ئون بىرىنچى باپ

### پەلەك قىسمىتى

### I

جۇت زىمىستان باستى زېمىننى،
كەتتى قۇتىراپ زۇلمەت جاھالەت.
ھۆكىرىشەر بۆرە - قاۋانلار،
دىلدا قاينار ئەلەم نادامەت.
دەھشەت سېلىپ ئۇرۇدۇ بوران،
تەبىئەتمۇ قىلماقتا نالە.
ئاسمان تۆكەر كۆزلىرىدىن ياش،
سولدى بىۋاغ گۈل - غۇنچە، لالە.
شۇ تاپ نۇزۇك زىندان ئىچىدە،
يۈرىگىدە نى ھەسرەت، ئارمان.
شۇم تەقدىرگە ئوقۇيدۇ لەنەت،
چېكىپ ئاچچىق ئەلەمدە پىغان.

ئۇ ئىزلايدۇ كەچمىشلىرىنى،
كۆز ئالدىدا ئۆتكەن كۈنلىرى.
ئاھ، تۇغۇلۇپ، بولدى كۆرگىنى،
جاھالەتنىڭ ئىس - تۈتۈنلىرى.
ئۇ كۆرمىدى ھەق - ئادالەتنى،
نە تىنچلىق، نە بەخت - خۇۋلۇق.
كىچىكىدىن تا بۈگۈنگىچە،
كۆردى زۇلۇم - جاپا ۋە خورلۇق.
نۇزۇگۇمنىڭ تومۇرلىرىدا،
ئۆركەشلەيدۇ نەپرەت ئېقىنى.
يالقۇنلايدۇ باتۇر قەلبتە،
مەرتلىك - غۇرۇر، قەھىر گۈلخىنى.
دەيدۇ: «پاكىز ۋىجدان - نومۇسۇم،
زالىملارغا ئەگمىدىم بويۇن.
ئۆلسەم رازى، باتۇر ئەجدادىم،
ئايىغىدىن ئالىمەن ئورۇن!...»

II

... قەپەر ھارۋا چىقتى يامۇلدىن،
بىر توپ مەلئۇن ئۇنى ئورىغان.
پۇت - قولىنى زەنجىرلەپ مەھكەم،
نۇزۇگۇمنى ئاگا سولىغان.
ئەڭ ئالدىدا كىلىدۇ جارچى،
چىلبۆرىدەك ھۇلاپ - ۋاقىراپ.
ئارقىسىدا چېرىك، جاللاتلار،
قىلىچلىرى قولدا - پارقىراپ.

كوچا، مەيدان ئادەمگە تولغان،
چىرايلىرى قايغۇلۇق دەرتلىك.
كېلەر نۇزۇك ئۇلارغا قاراپ،
كۆزلىرىدە چاقنايدۇ مەرتلىك.
تەۋرىدى ئەل تاقەتسىزلىنىپ،
ئەلەم بىلەن تۈگۈلدى مۇشتلار.
شۇم پەلەككە ياغدى قاغىش،
ئاھ! بۇ كۈنلەر قاچان يوقلار!؟
يۈزلەپ چېرىك يول ئېچىش ئۈچۈن.
خەلق ئالدىغا كەلدى ئالدىراپ.
قىلىچلارنىڭ سۇرلۇك بىسلىرى،
كۈن نۇرىدا كەتتى يالتىراپ.
سەزدى نۇزۇك خەلق كۆڭلىنى،
ۋە سىلكىندى قەددىنى رۇسلاپ.
ئۇنىڭ كۈچلۈك يالقۇنلۇق ئۈنى،
قۇچتى كۆكنى مەغرۇر جاراڭلاپ.
«غەم بىلەن بېشىڭنى ئەگمە،
بىزنى باسقان كۈن كېتەر.
ئاخىرى زۇلمەت تۈگەپ
ئەلنى يورۇقلۇق كۈن كۈتەر!»

III

سەسكىندۈرەر «مويتۇڭزا» دىسە،
شۈركىنەر تەن دەھشەت سۇر بېسىپ
ئادەملەرنى بۇندا جاللاتلار،
بوغۇزلايدۇ بېشىنى كېسىپ.

نىقاپ تارتقان كاللا كېسەرلەر،
كۆتەر بۇندا ئۆز قۇربانىنى.
كۆرۈش ئۈچۈن خۇمارمىش ئۇلار،
ئۆلگۈچىنىڭ زار - پىغانىنى.
ئەنە، بۈگۈن ئېلىپ كېلىشتى،
بوغۇزلاشقا يەنە بىرىنى.
ئوخشىمايدۇ ئەجەپ بۇنىسى،
كېلەر بۇزماي ھەتتا بېتىنى.
نىمانچە چوڭ ئۇنىڭ يۈرىگى،
ئۆلۈشنى بىلامەمدۇ ياكى؟
ھاڭۋېقىشىپ قالدى جاللاتلار،
ئۇ گوداڭغا كەلگۈچە تاكى.
ئۇنىڭ ياۋغا تىككەن كۆزىدە،
تۇرار نەپرەت ئوتى يالتىراپ.
تىزلاندۇردى نۇزۇكنى جاللات،
لېكىن بىردىن ياڭرىدى خىتاپ:
«يانسۇن، يانسۇن! زالىملار -
تاجۇ - تەختى گۇم بولسۇن!
ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن!»
ئالدى ياقتا جاللاتتىن بىرى،
بىلىگەن بوپ تۇردى قىلىچنى.
يەنە بىرى كېلىپ ئارقىدىن،
چەللەپ بويۇن كۆتەردى تىغنى.
قىرغاقلارغا ئۇرۇپ كۆكسىنى،
نالە قىلدى ئىلى دەرياسى.

قىيانىدا غەزەپ شىددىتى،
شاۋقۇنىدا لەنەت ساداسى.
دولقۇنلىرى كۆتەردى ئەرشكە،
شائىرەنىڭ ئۆلمەس روھىنى.
ئاتا قىلدى ئىھتىرامىدا ئۇ،
ئۆز ئۆمرىدەك ئۆلمەس ئۆمۈرنى.

## خاتىمە

ئادىل ھۆكۈم قىلدۇ تارىخ،
ئەسىرلەرنىڭ قىسمەتلىرىگە.
ئەرك - زۇلۇم، رەزىللىك، پاكلىق،
مۇھەببەت ۋە نەپرەتلىرىگە.
مۇھەببەت، ئۇ، تەئەللۇق ۋەتەن،
ئاتا - ئانا، ئەل - يۇرت يارىغا.
ساداقەتتۇر مۇھىم مەنىسى،
مەرت ۋىجداندا يېتەر ۋايىغا.
ئالەم بىنا بوپ تا ھازىرغىچە،
سانسىز ئادەم تۆرەلدى، ئۆلدى.
بىراق، باركەن ئاجايىپ مەرتلەر،
ئۆچمەيدىكەن ئىسمى ئەبەدى.
قالدۇرۇپتۇ ئۇلار ھاياتقا،
ئۆلمەس پارلاق، تۆھپە ئۈلگىنى.
ۋىجدان بىلەن ئالەم ئۆمرىگە،
تەڭ قىلىپتۇ ئۇلار ئۆمرىنى.
ئۇيغۇر قىزى جەسۇر ئىسيانكار،

ئۈزۈڭۈمنى شۇلارنىڭ بىرى.
ئەۋلاتلارغا قالدۇردى مىراس،
قەيسەر روھى ۋىجدان - غۇرۇرى.
ئۇ ياشايدۇ ئەبىدىل - ئەبەت،
ئەلنىڭ يۈرەك قەلبلىرىدە.
باتۇر نامى ئۇلۇغلىنىدۇ،
مېھىر - ھۆرمەت تەختلىرىدە.

1982 - 1983 - يىللار، ئۈرۈمچى

# حكايه‌لر



# ئابدۇقادىر ھاكىم

«ئابدۇقادىر ھاكىم شەھەر باشلىقى بوپتۇ» دېگەن خەۋەر خەلققە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنماي تۇرۇپلا ھەممىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ بولدى. كىشىلەر «ئەجەپ ياخشى بوپتۇ، ھەقىقەتەن ياخشى بوپتۇ، ئۇ بىزنىڭ غەمخورچىمىز، ئۇ بىزنىڭ ياخشى رەھبىرىمىز» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىر بىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزەتتى ھەم ھەممىلا كىشىنىڭ كۆڭلى سۆيۈنگەنلىكتىن تۇرقىدا تېتىكلىك، قەلبىدە ئىشەنچ، يۈرىكىدە سۆيۈنۈش؛ يۈزلىرىدە، كۆزلىرىدە مەمنۇنىيەتلىك تەبەسسۇم جۇلالىنەتتى.

بۇ خەۋەر شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ شوپۇرى شياۋدىلىنمۇ ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان قارا پىكاپنىڭ ئەينەكلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، ئابدۇقادىر ھاكىم ھەققىدە قىسقا بىر خىيالنى ئۆتكۈزدى.

1967 - يىل، كۈز ئايلىرى ...

ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى تاشيول بويىغا جايلاشقان كىچىك پاساژىر بېكىتىنىڭ ئىچىدىن جىددىي ۋە ۋەھىمىلىك ئۇرۇلغان داڭ ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا ياڭرىماقتا... بېكەت ئەتراپىدىكى كىشىلەر، ماشىنىلىرىنى تاشيول ياقىلىرىغا توختىتىپ قويۇپ، بېكەت ئالدىدىكى تاماقخانىدا غىزالىنىۋاتقان شوپۇرلار ئۆز مەكتۇۋىدىكى «جىن - شەيتانلار» نى سازايى قىلىپ، كوچا ئايلاندۇرۇپ قايتقان بىر توپ قىزىل قوغدىغۇچىلار ...، قىسقىسى ئاشۇ ئەتراپتا داڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەممە كىشى شۇ ھامان

بىكەت ئىچىگە قاراپ يۈگۈردى. نېمە ئىش يۈز بەردى، داڭ نېمىشقا بۇنچىۋالا تەشۋىشلىك ئۇرۇلىدۇ؟ بۇنى تېخى ئۇلار بىلمەيتتى. كۆپچىلىك قاندىقلا بولمىسۇن بىكەت ئىچىدە جىددى بىر ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىنى، دەرھال ياردەم بېرىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشاتتى.

بىكەتنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىش بىلەنلا، داڭنىڭ جىددى ئۇرۇلۇش سەۋەبى ھەممىگە ئايان بولدى: پاسسازىر بىكىتىنىڭ چوڭ ھويلىسىنىڭ غەربىي شىمالغا سېلىنغان ماي ئىسكىلاتىنىڭ يىگىرمە بەش - ئوتتۇز مېتىرچە ئالدىدىكى بۇرۇنقى كونا كىچىك ماي كۆلچىكىگە ئوت كەتكەن ئىدى. تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ لاۋۇلداپ چىقىۋاتقان ئوت يالقۇنى مىنۇتسىرى ئېگىز ئۆرلەپ ئۇلغىيماقتا. ئوت كۆيۈۋاتقان ماي كۆلچىكىنىڭ مەيدان تەرەپتىكى چوڭ سۇپىسى ئۈستىدە يىگىرمە نەچچە ماي تۇڭى تىزىقلىق تۇراتتى. مەيداندا بولسا، تېخى ھېلىلا ھادىسە يۈز بېرىش بىلەن پەسكە چۈشۈرۈۋېلىنغان ئون نەچچە ماي تۇڭى قالايمىقان ياتاتتى. شۇ تاپتا ئوت لاۋۇلداۋاتقان سۇپا ئالدىدا ئونلىغان كىشىلەر نۆۋەت بىلەن سۇپىغا سەكرەپ چىقىپ تۇڭلارنى يېقىتىپ، پەسكە چۈشۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. كۆلچەكتىكى دەھشەتلىك يانغىننى ئۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇ تاپتىكى مۇھىم ئىش - ماي تۇڭلىرىنى يۆتكىۋېلىش. بىرەر تۇڭغا ئوت تۇتىشىپلا كەتسە، تۇڭلار پارتلاپ، پۈتۈن ماي ئىسكىلاتىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇپلا قالماي بەلكى، يېقىن ئەتراپتىكى خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرايتتى. بۇنى ئويلاشمۇ، ئېغىزغا ئېلىشمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى.

ئوت يالقۇنى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئېگىزگە كۆتىرىلمەكتە. بېكەتتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە جايلاشقان ئون زاۋۇدىمۇ بىردىنلا ۋەھىمىلىك گۈدۈك بېرىشكە باشلىدى، روشەنكى، ئۇلار بېكەت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىدىن پۈتۈن ناھىيىنى تېز خەۋەرلەندۈرۈپ، ياردەمگە چاقىرىشىۋاتاتتى.

ياردەمگە كەلگۈچىلەر تېزلىك بىلەن كۆپەيمەكتە، بۇ يەردە ئىشچىلارمۇ، دېھقانلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ، ئاندا - ساندا ئەسكەرلەر ۋە كادىرلارمۇ بار ئىدى. كۆپچىلىك ئاچ ئەجدىھادەك دەھشەت بىلەن ئۇلغىيىۋاتقان ئوت يالقۇنىنى تېزرەك ئۆچۈرۈ-ۋېلىشنى، دۆلەتنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئاپەتتىن ئامان - ئېسەن ساقلاپقېلىشنى ئۈمىت قىلىشاتتى ۋە بۇنىڭ ئامال - چارىلىرىنى تىت - تىت بولۇپ ئىزلىشەتتى.

نۇرغۇن كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن ماي سۈپىسى يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىشىپ، توككىلارنى ئېلىپ چۈشۈشكە غەيرەت قىلىپ كۆرۈشەتتى. ئەمما دەھشەتلىك يالقۇننىڭ كۈچلۈك تەپتى ئۇلارنى ئىختىيارسىز كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلاتتى. سۇپىغا چىققان ئادەمنى يالقۇن دەرھال قىزدۇرۇپ، ياكى كەينىگە ئىتتىرگەندەك قىلاتتى. ياكى ئۇزىنىڭدەھشەتلىك قوينىغا دەم تارتقاندەك قىلىپ، سىيكرۇنت ئالدىدىكى قىزغىن غەيرەتنى بىردەمدىلا ئۆز تەھدىدى بىلەن يۇتۇۋېتەتتى. كىشىلەر ئۇياق - بۇياققا چېپىشماقتا. بەزى ياشلارنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا پارقىراپ، قانداقتۇر بىر جاسارەتكە كەلگەندەك مۇشتۇملىرىنى تۈرۈشەتتى - دە، سۇپا ئالدىغا ئۇچقان-دەك ئۆزىنى ئاتاتتى. زور يالقۇن كۈچلۈك ھارارەت بىلەن ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە ئۆز تەپتىنى ئۇرۇپ، يەنە دەرھال چېكىنىشكە مەجبۇر قىلاتتى.

شۇ ۋاقىتتا چوڭ دەرۋازا ئالدىغا يەنە بىر توپ كىشى كېلىپ توختىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا دومبىسىگە قارا رەڭدە «كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان جاھىل ھوقۇقدار، ئەكسىلئىنقىلاپچى قادىر» دەپ خەت يېزىلغان ئاق لاتا چاپلانغان، ئالا ـ بۇلا بويالغان ئېگىز قەغەز كۇلا كەيدۈرۈلۈپ، قولىغا تۈۋى چۈشۈپ كەتكەن ئەسكىداس تۇتقۇزۇلغان سالاپەتلىك بىر كىشى تۇراتتى. چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولسىمۇ قامەتلىك، يۈز ـ كۆز ـ لىرىنى چوڭ باستان بىلسىمۇ غەيرەتلىك بۇ كىشى خىيالچان، ھارغىن كۆزلىرىنى ئىنتىلىك ئەتراپقا يۈگۈرتتى ـ دە، لاۋىلداپ يېنىۋاتقان يالقۇنغا قاراپ قالدى. «ئوت ھادىسى!؟» كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى، شارائىتىنى ئۇنتىدى ـ دە، چەبدەسلىك بىلەن يۈگۈرۈپ توپنى يېرىپ ئۆتۈپ، بىكەت ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار قاچتى تۇتۇڭلار!... ئەكسىلئىنقىلابچىنى تۇتۇڭلار!....

ئۇنى يالاپكېلىۋاتقان كاتتىۋاش ۋاقىرىغىنىچە توپ ئىچىگە ئېتىلدى. بىراق ھېلىقى كىشى خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن ئىدى. بىردەم ئۆتمەي ئۇنىڭ تونۇش گەۋدىسى كۆچلۈك ئوت يالقۇنى ئالدىدا پەيدا بولغاندا، ئۇنى ئالغان كىشىلەر ئىختىيارسىز ۋاقىرىدىۋەتتى:

— ئابدىقادىر ھاكىم!

— ئابدىقادىر ھاكىم!

ئابدىقادىر ھاكىم كۆپچىلىككە قاراپ مۇراجىئەت قىلدى:

— يولداشلار ماي تۇڭلىرىنى تېزدىن چۈشۈرۈۋالايلى!

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە تونۇش، شۇنچە ئىشەنچلىك ـ خۇددى بىر يېرىم يىل ئىلگىرىكىدەكلا ياڭراق ئىدى. ئۇ، بىرلا ئىرغىپ

سۇپا ئۈستىگە چىقتى-دە، دەھشەتلىك يالقۇنغا قارشى ـ ھەك ئېلان قىلىپ، چېلىشقا چۈشكەن پالۋاندەك سەل ئېڭىشىپ، تۇڭلارنى كۈچ بىلەن ئالدىدىغا تارتىپ، پەسكە دومىلىتىشقا باشلىدى. كىشىلەر خۇددى قاتتىقراق تىنسا، ھاكىمغا ئوت تۇتىشىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىرىشىپ، ئۇنىڭغا قارىغىنىچە بىر ھازا قېتىپ قېلىشتى. شۇچاغدا توپ ئىچىدىن ئۈچ نەپەر خەلق ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسى بىلەن بىر مۇنچە كىشىلەر ئېتىلىپ چىقىپ يالغۇز دۈشمەن بىلەن يەكمۇ-يەككە ئېلىشىۋاتقان ھاكىمغا ياردەمگە يېتىپ كەلگەن قەيسەر ئارسلانلاردەك، تۇڭلارنى بەس-بەستە پەسكە دومىلىتىشقا باشلىدى. ئارقىدىن يانا نۇرغۇنلىغان ئىشچىلار، دىخان-لار، كادىرلار ۋە ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قېتىلدى.

سۇپا ئۈستىدىكى تۇڭلار ئازايماقتا. بىر توپ ئىشچىلار پەسكە چۈشۈرۈلگەن تۇڭلارنى دومىلىتىپ، ئارقا ھەم يانغا-خەۋپسىز يەرگە يۆتكىمەكتە... ئوت يالقۇنى ھەممۇ دەھشەتلىك ئەلپازى بىلەن گۆكىرىمەكتە... ئاخىرقى ئىككى تۇڭ قالغاندا، ياش بىر جەڭچى تۇيۇقسىزلا سۇپا ئۈستىدىن ئارقىسىغا ئۆرچۈپ چۈشتى. ئابدۇقادىر ھاكىم چەبدەسلىك بىلەن پەسكە سەكرەپ: «تېز بولۇڭلار» دېگىنىچە، جەڭچىنى يەردىن يۆلەپ ئېلىپ كۆتۈرۈۋالدى.

ئاخىرقى تۇڭلارمۇ خەۋپسىز يەرگە ئامان-ئېسەن يۆتكىۋېلىندى. ئابدۇقادىر ھاكىمدىن ئىلھاملانغان سانسىزلىغان كىشىلەر ئوت يالقۇنىنىمۇ ئۆچۈرۈۋالدى.

كىشىلەر ھوشىدىن كەتكەن جەڭچىنى قولمۇ-قول كۆتۈرىشىپ، قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا سېلىۋاتاتتى. كۆپچىلىك ئابدۇقادىر ھاكىم-نىمۇ تەرەپ-تەرەپتىن يۆلەپ ماشىنا يېنىغا ئېلىپ كېلىشتى.

ئابدۇقادىر ھاكىم ماشىنا ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئۇنى ئوراپ تۇرغان توپ ئىچىدىن كىمدۇر بىرسى، سارغىيىشتىن

ئۆتۈپ، قارامتۇل رەڭگە كىرگەن ۋە باشقا جايلىرى كۆيۈپ پەقەت «ئەكساشنقلاپچى...» دىگەن خەتلا قالغان لاتىسنى يۇلۇۋەتمەكچى بولۇپ، ئەمدىلا قولىنى ئۇزۇتۇشىغا، ئابدىقادىر ھاكىم دەرھال ئۇنىڭ ئويىنى سىزىپ قېلىپ، قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ۋاقتى ئەمەس...— ئۇنىڭ كۆزلىرى مېھرىۋانلىق ۋە چوڭقۇر مەنە بىلەن كۈلۈمسىرەش ئىچىدە قىسىلدى.

— بۇ، بۇ...زادى قانداق گەپ؟ - دىدى ھەيرانلىق ئىچىدە، چوڭقۇر ئىزتىراپ ئىچىدە ئابدىقادىر ھاكىمدىن كۆزىنى ئالماي ئۇنىڭ لەۋلىرى ئەلەم بىلەن تىترەۋاتاتتى.

— ھېچ گەپ يوق، ئۆتۈپ كېتىدۇ! — ئابدىقادىر ھاكىم شوپۇرغا بۇرۇلۇپ دىدى، — قېنى، يولداش شوپۇر تېز مېڭىڭ! بۇ يولداشنى دوختۇرخانىغا بالدۇرراق يەتكۈزۇش ھەممىدىن مۇھىم.

ئۇنىڭ سۆزلىرى، ئاۋازى نىمە دىگەن تەمكىن، نىمە دىگەن مۇلايىم - ھە!.

كىشىلەر شۇ تاپتا ئۆزلىرىدىكى تولىمۇ تونۇش بولۇپ كەتكەن، تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغان، خەلقىنىڭ ھال - دەردىگە يېتىدىغان، تىرىشچان ياش ھاكىمنى يېڭىۋاشتىن كۆرگەندەك بولۇشتى.

ھاكىم، سىز كۆپ جاپا چەكتىڭىز، مانا ئۇيەر - بۇ يېرىڭىزدە كۆيۈكىنىڭ ئىزى.

— ئابدىقادىر ھاكىم ماشىنىغا چىقمىسىڭىز بولمايدۇ!

— ماشىنىغا چىقىڭ، ئابدىقادىر ھاكىم!

كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن چۇۋۇلدۇشۇپ كەتتى. ئابدىقادىر ھاكىم بۇرۇلۇپ قاراپ ماشىنا كابىنكىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۆزىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان شوپۇرغا قاردى:

— ھە، شىياۋلىمۇ سىز؟ تېز مېڭىڭ!

شوپۇر نائىلاج بېشىنى كېيىنكە ئىچىگە تارتتى. تىترەپ

تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاچقۇچنى بۇراپ، ماينى دەسسىدى ۋە كۆزىگە لىق تولغان ياشنى سۈرتتى.

كىشىلەر ئابدۇقادىر هاكىمغا ئاستا يول ئېچىپ، ئىككى چەتكە ئۆتتى. ئۇ، قەدەملىرىنى ئېغىرلىق بىلەن ئېلىپ، سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ هوشيار، زېرەك كۆزلىرى چوڭ دەرۋازا سىرتىدا ئۆزىگە هومىيىپ قاراپ تۇرغان ئىككى كاتتىسىۋاشقا چۈشكەندە، كۆڭلى بىردىنلا بىر قىسما بولۇپ، ئۇلاردىن كۆزىنى ئېلىپ، ئىككى يېنىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە يول بوشىتىپ قاراپ تۇرۇشقان يۈزلىگەن خەيرى-خاهلىق يېغىپ تۇرغان مېهرىۋان چىرايلار، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىللىق بىر تۇيغۇ ئىچىدە دولقۇنلاندۇرۇپ، چېهرىدە تەبەسسۇم پەيدا قىلدى. «نېمىدىگەن سەمىمى، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر — هە!؟.

* * *

شوپۇر پىكاپنىڭ ئەينەكلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ يۇقۇرى يېنىغا قارىدى. تۆت قەۋەتلىك كاتتا بىنانىڭ مەرمەردەك پارقىراپ تۇرغان پەلەمپەيلىرىنى ئاتلاپ بىر كىشى كەلمەكتە. ئۇ ئۈستىگە ئاددى رەختتىن ئىشتان-چاپان كىيگەن، قولىدا سەل كونىراپ قالغان قارا سومكا كۆتەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان يۈزلىرىدىكى بىلىنەر-بىلىنمەس قورۇقلار، قارا چاچلىرى ئارىسىدىكى ئاق ئۇچقۇندىلار ئۇنى تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرسەتتى. ئۇ يېڭى شەهەرباشلىقى ئابدۇقادىر هاكىم ئىدى.

ئۇ يېڭى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشكە ئاتلاندى.

1983 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

# توختام

ئاق تاغ ئالدىدىكى سايلىقتا كىرىدىغان يول ئېغىزىنىڭ ئۈستىدىكى دۆڭلۈكتە ئىككى كىشى سۆزلىشىپ تۇراتتى.

— ئۇلارغا ئون ئىككى مىڭ توپ كۆچەتنىڭ ھەممىسىنى بېرەمسەن؟ — دەيتتى ئوتتۇز تۆت - ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، ئېگىز بوي، چىقىر كۆز كىشى ئالدىدا كەتمىنىگە تايىنىپ ئولتۇرغان بوۋايغا قاراپ.

— ئون مىڭنى بېرىشكە كېلىشكەن، ئىككى مىڭنى قەلەمچە قىلىپ توغراپ، كېلەر يىلى يەنە ئون مىڭغا ئايلاندۇرىمەن. — بوۋاي شالاڭ ساقىلىنى سىلىغىنىچە چىقىر كۆز كىشىگە قارىمايلا جاۋاپ بەردى.

— ئىش قىلىشنى بىلىسەن، لېكىن...، — چىقىر كۆز كىشى بوۋاينىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان چىرايىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن گېپىنى داۋام قىلدى، — لېكىن، پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيسەن - دە.

بوۋاي جاۋاپ بەرمەي، لەۋلىرىنى چۈشىنىكسىز ھالدا مىدىرلىتىپ قويۇپ، سايلىقتا — كۆكىرىشكە باشلىغان قويۇق، تەكشى كۆچەتزارلىقتا قارىدى، چىقىر كۆز كىشى بىلەن بولۇۋاتقان پاراڭمۇ دەل ئاشۇ كۆچەتزار ئۈستىدە ئىدى؛ چىقىر كۆز كىشى بۇلتۇر بوۋاينىڭ بەش - ئالتە مىڭ توپ كۆچىتىنى ھەربىرىگە ئەللىك پۇڭدىن دۈڭلاپ سېتىپ بەرگەنلىكىنى ۋە بۇ يىلمۇ ئاشۇ باھادا كۆچەت بېرىشكە ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ قويغانلىقىنى

ئاڭلىغان ئىدى، ئالدىنقى كۈنى، ئۇ، سايلامققا چۈشۈپ ،كۆچەتزارنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۆزىچە ھەر بىر تۈپ كۆچەتنىڭ نەرقىنى قوسىغىدا بوداپ چىقتى. مانا، بۈگۈن بىر سائەتتىن بۇيان ئۇ بوۋاي بىلەن سۆزلەشمەكتە.

چىقىر كۆز كىشى ئەتراپىغا ئىتتىك قاراپ قويۇپ بوۋايـنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ، ئىگىشكىنىچە ئىتتىك — ئىتتىك سۆزلەپ كەتتى:

— بوۋا، مەن ساڭا زىيان سېلىشنى ئويلاۋاتمايمەن. ئۇلار ئاران بەش مىڭ يۈەن پۇل بېرىدىكەن، مەن ئالتە مىڭنى بېرەي دەۋاتىمەن. مىڭ يۈەن ئارتۇق دىگەن گەپ. بۇ ئىشتا قاراپ تۇرۇپ زىيان تارتامسەن؟

— بىز توختام تۈزگەن.

— ھەي!... نەدىكى توختام بولسۇن؟ ئېغىزدا دېيىشىپلا قويغان گەپ ئەمەسمۇ؟

مەن بىلەن ھەربىرىنىڭ كادىرى سۆزلەشكەن، ئۇ يالغان سۆزلىمەيدۇ!

ھەي!... راسا ئەخمەقكەنسەنغۇ؟ قەغەزگە پۈتسۈپ قول قويۇشقان رەسمى توختام بولمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ساڭا بىرنىمە دىيەلەمتى؟

بوۋاي مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ سورىدى:

— توختامنى بۇز، دىمەكچىمۇ سەن؟

— ئەجەپمۇ چۈشەنمىدىڭا! ئېغىزدىكى گەپ توختام ھىساپلانمايدۇ.

— ئادەم دىگەن گېپىدە تۇرۇشى لازىم! — بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى، — گېپىدە تۇرماسلىق ياخشى ئىش ئەمەس!

— ھا، ھا، ھا...، — چىقىر كۆز كىشى بىرۋايىنى

زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ كەتتى ، — سەنزە ، قىرسىغانسىرى تېخىمۇ ساددىلىشىپ ، ئەخمەق بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ .

بوۋاي كۆزلىرىنى قىسىپ ، چېقىر كۆز كىشىگە خۇددى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قالدى . چېقىركۆز كىشى ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى ئۆزىچە باشقىچە چۈشىنىپ، ھىجىيىپ سورىدى :

— ھەربىلەر سىزنىڭچە كېلەرمۇ ؟

كېلىدۇ .

— قاچانراق كېلەر ؟

— دەل بۇگۈنگە ۋەدە قىلغان .

چېقىر كۆز كىشى ئىشەنمىگەندەك بېشىنى ئىرغىتىپ ، بوۋاينىڭ چوڭقۇر قورۇقلار ئىز سالغان چىرايىغا ئاستا قاراپ قويدى، قارىدىيۇ، شۇ ھامان كۆڭلىگە يەنە بىر ئوي كېلىپ ، ئىتتىك - ئىتتىك سۆزلەپ كەتتى :

— ھە ، ھە، بوپتۇ ، سەن ئۈچۈن زىيان تارتساممۇ مەيلى، يەتتە مىڭنى بېرىمەن ، قېنى ، ئەمدى قولۇڭنى بەرگىن !

— ياق !

— يەتتە مىڭ بەشيۈزنى بېرىمەن .

— ياق !

— سەككىز مىڭ ، ئوغۇل بالىچىلىق ! ھەربىلەر بېرىدىغاندىن ساق ئۈچ مىڭنى ئارتۇق .

بوۋاي يەنە « ياق » دىگەندەك بېشىنى چايقىدى . چېقىر كۆز كىشى ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى . ئۇ بىر قولى بىلەن بوۋاينىڭ دولىسىنى ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ كەتمىنىنى تۇتۇۋېلىپ ، ئەسەبىلەرچە ۋاقىراپ كەتتى .

— ھۇ سارالڭ ، ئەخمەق قىرى !... خۇدا سىنىڭ قاپاق كاللاڭغا زىغىرچىلىك بولسىمۇ ئەقىل بەرمەپتىكەن ، گادايلىقنىڭ بوينىچە ئۇ ئالەمگە كېتىدىغان ئوخشايسەن .

— سىنىڭدىن خەيرى-ئېھسان تىلىگىنىم يوق ! — دېدى بوۋاي نەپرەتلەنگەندەك ۋە ئۇنىڭ دولىسىنى قاماللىۋالغان قولىنى زەردە بىلەن سىلكىپ چۈشۈرۈۋەتتى ، — گەپ بىر قۇلاق ئىككى.

«دۇت . دۇت! ...» قىلغان ماشىنىنىڭ ئاۋازى بوۋاينىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى، ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، يېزا تەرەپتىن ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان ماشىنىغا كۆز سالدى .

— مېنى ئىزلەپ كېلىۋاتقان ھەربىلەرنىڭ ماشىنىسى دەل شۇ !- بوۋاينىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ چاقناپ كەتتى ۋە «قانداق، ئۇلار لەۋزىدە تۇرامدىكەن !» دېگەندەك ، چىققىر كۆز كىشىگە ئىتتىك قاراپ قويدى .

— ھەيلى ، بوپتۇ توققۇزمىڭنى بېرەي ، ساڭا كۆيۈنۈپ تىللاپ سالدىم ، كەچۈرگىن ! ، — ئۇ يالۋۇرغاندەك دۇدۇقلاپ سۆزلەپ ، بوۋاينىڭ پېشىگە ئېسىلدى ، — ئوبدان تاغا ، گېپىمنى ئاڭلىغىن ، ئۇلاردىن تۆت مىڭ يۈەن ئارتۇق بېرىمەن دەۋاتىمەن.

بوۋاي جاۋاپ بەرمەي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، سايلىقتىكى كۆچەتزارلىقىغا قارىدى . چىققىر كۆز كىشى « بوۋاي ئەمدى رازى بولدى » دەپ ئويلاپ ، يۈرىكى دۈكۈلدىگەن ھالدا ئۇ قارىغان تەرەپكە — ئەمدىلا كۆكىرىپ قۇلاق چىقىرىشقا باشلىغان رەتلىك كۆچەتلەر دېڭىزىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلدى :

بىراق بوۋاي بىردىن چىققىر كۆز كىشىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، ئاستا ۋە تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى :

— ئۇكا، رەنجىمىگىن، مەن توختامغا قەتئى ئەمەل قىلىمەن!

1984 - يىلى، ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# ئاتا، مېنى كەچۈرۈڭ!

بالنىتسىدا يېتىپ قالغىنىمغا يىگىرمە كۈنچە بولۇپ قالدى. بۈگۈن ئاخىر ئۆزەمنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىمنى ئۇقتۇم: يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ تىقىلىمىسى، بۇ قورقۇنچىلىق دىئاگنوزدىن چۆچىگەنلىكىمنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، بارلىق غەيرىتىمنى يىغىپ، سوغاققان قىياپەتتە دوختۇرنىڭ تەسەللىي ئارىلاش سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم.

بۇ يىل قىرىق ياشىمەن. كۈچ - غەيرىتىم، ئەقىل - پاراسىتىم راسا ئۇرغۇپ تۇرغان بىر مەزگىلىم ئىدى. مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا بۇ پالاكەت كېسەلگە يولۇققىنىمنى قارىمامدىغان!؟ ھەي بۇنداق چاغلاردا ئادەمنىڭ كاللىسىغا ھەر خىل بولمىغۇر ئويلار كىرىۋالىدىكەن. مەن بۇ، باش - ئايىغى يوق خىياللار قايىنىمىدا نەچچە چۆكۈپ، نەچچە لەيلەپ يۈردۈم، لېكىن ئەقلىم ئاخىر بۇلارنىڭ ھەممىسىگە چەك قويدى: ئادەم دېگەندە چوقۇم بىر خىل ئىشەنچ-روھ بولۇش كېرەككۇ!

مەن ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىم ۋە ئىشەنچىم بىلەن كېسەلگە قارشى جەڭگە ئاتلاندىم. ئارىدىن يەنە بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. كېسەل ئەھۋالىم كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، ياتاقتا، كارىدورلاردا، كېيىنچە دوختۇرخانىنىڭ باغچىلىرىدا ئايلىنىدىغان، ھەتتا بەزى يەڭگىل گىمناستىكىلارنىمۇ ئوينايدىغان بولۇپ قالدىم.

سىز بەختلىك ئادەمكەنسىز جۇمۇ! — ئۇدۇلۇمدىكى كارۋاتتا ياتقان ياتاقدىشىم ماڭا زوقلانغاندەك سۆزلەپ قالدى. مەن ئۇنىڭ يەنە نىمىنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللەپ ئويلىنىپ قالغىنىغا قاراپ، گەپ قىلماي كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرىۋەردىم. ئۇ خۇددى ئۆزى ئېيتقان سۆزنى تولۇقلىماقچى بولغاندەك، بېشىنى يېنىككىنە ئېغىتىپ قويۇپ، قوشۇپ قويدى، — دىمىسىمۇ، سىلەر ئوقۇتقۇچىلار بەختلىك، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، خىزمىتىڭلار جاپالىق ھەم ناھايىتى ئۇلۇغ!

ئۇ ياشىنىپ چاچلىرى كۆمۈشتەك ئاقارغان، ئۇزۇن يىللار تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ كېسىلىمۇ ماڭا ئوخشاش ئىدى. ئۆز كېسىلى ھەققىدە سۆزلىگەندە ئۇ چاخچاق قىلىپ مۇنداق دەيتتى: «... بۇ كېسەل بىلەن مەن كونا قەدىناس، ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان ئىككىمىز ‹ئارقان تارتىش مۇسابىقىسى› ئۆتكۈزگەندەك كېلىۋاتىمىز، ئۇ، ئۇياققا تارتىدۇ، مەن بۇياققا تارتىمەن، كاساپەتنىڭ خۇي پەيلىنى ياخشى بىلىۋالغىنىم ئۈچۈن زادىلا بوش كەلمەي كېلىۋاتىمەن. لېكىن، بۇ قۇۋ-ھىيلىگەر ھېچ ئامال قىلالماي، ئۆز ئەلپىسىنى ۋاقىتقا باغلاۋاتىدۇ، مەن بۇنى بىلمەي قالامتىم! ‹ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ› دەپ مەنمۇ ھاياتىمدا ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىۋېرىۋاتىمەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئادەم دېگەن كېسەلگە زادىلا بوزەك بولماسلىق كېرەك!» ئۇنىڭ بۇنداق پاراڭلىرى ماڭا تېخىمۇ چوڭ ئىلھام بېرىپ، روھىمنى نەچچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرىۋېتەتتى.

شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ھازىرلا ئېيتقان ئوقۇتقۇچىلار ھەققىدىكى سۆزلىرىنى كاللامدا مۇلاھىزە قىلىپ، ئۈن-تىنسىز ئۇنىڭغا سۇئال نەزىرىسىم بىلەن تىكىلىپ ئولتۇراتتىم، مېنىڭ

بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ زىرەكئەقىللىق كۆزلىرىنىڭ خۇددى ياشلارنىڭ كۆزلىرىدەك چوغلىنىپ - يالتىراپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇم.

- قارىغا، — دېدى ئۇ مەن تەرەپكە ئۆپۈرۈلۈپ قاراپ، — بۇ بىر نەچچە كۈنلەردىن بۇيان سىزنى يوقلاپ كېلىشۋاتقانلار نىمەدىگەن كۆپ! ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى سىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭىز ئىكەن. تېخى بەزىلىرى خېلى يىراق جايلاردىن، سىزنىڭ كېسەللىگىڭىزنى ئاڭلاپ كەپتۇ. مانا بۇ - ئۇلارنىڭ ئۆز ئۇستازىغا بولغان ھۆرمىتى، كۆڭلى ئەمەسمۇ!؟

— سىز نىمۇ يوقلاۋاتقانلار ئاز ئەمەسقۇ؟ — بۇ سوئال ئاغزىمدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كەتتى.

— ھەي...گەپ بۇنىڭدىلا ئەمەس، — ئۇ، سۆزۈمنى بۆلمەي ئاڭلاپ باقمامسىز، دىگەندەك قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، گېپىنى داۋام قىلدى، — مەن، ئوقۇتقۇچى بولغان كىشىگە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى گويا ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئوخشاشلا بولىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم، بىلەمسىز، سىز بىلەن ماڭا ئوخشاش كىشىلەر ھازىر ماددى سوغاتلاردىن كۆرە روھى سوغاتلارغا تېخىمۇ كۆپرەك مۇھتاجمىز. بۇنداق دىسەم، بۇ ئادەم ئۆز ئائىلىسى ۋە ئىدارىسىدىكىلەردىن نارازى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ! سىزگە ئېيتسام، ئەلگىرى، ئايالىم مېنى «ئوڭچى» دەپ تاشلاپ كەتكەن، ئارىمىزدا بىرلا ئوغلىمىز بار ئىدى، ئۇنىمۇ ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان يالغۇز يىگانە ياشاپ كېلىۋاتىمەن، قايتا ئۆيلىنىشنى خالىمىدىم. تەشكىل ۋە خىزمەتداشلىرىم ماڭا ناھايىتى كۆيىۈنىدۇ. مەن ئۆزەمنىڭ يالغۇز ئەمەسلىگىمنى بىلىمەن، بىراق، نىمىشقىكىن

تاڭ، كېسەل بىلەن راسا، ئارقان تارتىشىش مۇسابىقىسى،
غا چۈشكەن ۋاقىتلىرىمدا يېنىمدا ئاشۇ ئوغلۇم بولسىدىچۇ،
دەپ ئويلاپ كېتىمەن. گېپىمگە ئەمدى چۈشىنىۋاتقانسىز؟
پەرزەنت دېسىڭىز تۆۋرۈكتەك تۆت پەرزەنتىڭىز بار ئىكەن،
شاگىرتلىرىڭىزغا قارىسام ئۇلارنىڭ مېھىر، ھۆرمىتى پەرزەنتلىرى-
ڭىزنىڭكىدىنمۇ قېلىشمايدىكەن. قانداق سىزنى بەختلىك ئادەمكەن-
سىز، دېيىشىمنىڭ ئاساسى بارمىكەن؟

— ئوغلىڭىزنى شۇنىڭدىن بۇيان كۆرمىدىڭىزمۇ؟ كاللامغا كىرىۋال-
غان سوئالنى سوراشقا ئالدىرىدىم.

— بۇرۇن ئاندا-مۇندا كۆرۈپ تۇراتتىم، لېكىن، بەش-ئالتە يىل
ئىلگىرى ئانىسى بىلەن جەنۇپقا كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن بۇيان كۆرمى-
دىم، — دېدى ئۇ ئاستا ئاۋازدا. ئۇ كارۋىتىنىڭ يۇقۇرى گىرۋىكىگە
بېشىنى قويۇپ جىمىپ قالدى، ئىككىمىز خېلى بىر ھازاغىچە جىمجىت
ئولتۇردۇق. دېمەك، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ھەق ئىدى. كىشى ئۆمرىدە
ئۆز پەرزەنتىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ ياشىمىسا قانداق بولىدۇ؟

ئۇ خۇددى مېنىڭ ئويۇمنى سېزىپ، ئۆز-ئۆزىگە دېگەندەك، ئاستا
پىچىرلىدى:

— شۇنداق، شۇ بالام بولغان بولسىمۇ... — ھەي! مەن ئىختىيارسىز
ئۇنىڭ چىرايىغا كۆز تاشلىدىم. ئۇنىڭ چوڭقۇر قورۇقلار چۈش-
كەن ئورۇق، قانسىز يۈزىدە مانا مەن دەپ تۇرغان ھەسرەتنى
دۇم. كۆڭلۈم بىردىنلا بىئارام بولغاندەك بولۇپ كەتتى. شۇ مىنۇتلاردا
كاللامغا، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلىگىدەك گەپ كەلسىچۇ، كاشكى.

شۇ چاغ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن سالاپەتلىك ۋە ماگىمۇ
بىر ئاز تونۇش بولۇپ قالغان ئۈچ مېھمان مېنى قىيىن ئەھۋال-
دىن قۇتۇلدۇردى. بۇلار ياتاقدىشىمنىڭ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل-
لىرى ئىدى.

— سىزگە خوش خەۋەر ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشانغان بىرسى ئادەت بويىچە ھەل-ئەھۋال سورىشىشتىن كېيىن. — ھېلىقى تارىخىي كىتاۋىڭىز نەشىر قىلىنىدىغان بولدى.

— راستمۇ؟ — ياتاقداشىمنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق، ھاياجان ئوتلىرى يالقۇنجىدى. ئۇ خوش خەۋەر ئېيتقان ھېلىقى كىشىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ چىڭ-چىڭ قىساتتى، چىرايىدا تېخى ھېلىلا مەن كۆرگەن ھەسرەتتىن زەررىچىمۇ ئىز قالمىغان ئىدى. مەن شۇ چاغدا ياتاقداشىمدىنمۇ ئارتۇقراق خۇشاللىققا چۆمۈلدۈم. كەچتە ئايالىم تاماق ئېلىپ كەلدى.

— باللارنىڭ بىرەرسىدىن ئېۋەتسەڭچۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ھارغىن چىرايىغا قاراپ.

— ئۇلار شۇ تاپتا تاپشۇرۇق ئىشلەيمىز دەپ مەندىنمۇ ئالدىراش، — دېدى ئايالىم كۈلۈپ.

— خەستىچۇ؟

ئايالىمنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى.

— خەستە داشۆدە ئوقۇۋاتقان چوڭ ئوغلىڭىز-ھە؟ — ياتاقداشىم ئايالىمنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلمايلا سوراپ قالدى.

— ھەئە، — ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىۋېتىپ ئايالىمغا قارىدىم، — ئۇ، بۇ ھەپتىمۇ ئۆيگە كەلمىدىمۇ؟

ئايالىم ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ، «كەلمىدى» دېگەندەك بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— ئۆيگە كېلىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغۇدەك نېمە شۇنچە مۇھىم ئىشلىرى باركىنا!؟

— ئوغلىڭىز داشۆگە چىقىپ چوڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، — ئايالىمنىڭ جاۋابى كىنايىلىك ئىدى.

مەن يالت قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

ئۇ نارازىلىق ۋە ئاچچىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مېنىڭدىن قاچۇرۇپ، تاماق قاچىسىنى ئېچىشقا باشلىدى.

—گەپ بىلەن بولۇپ، تاماقنى بىرىشىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ زورغا كۈلۈمسىرەپ ۋە ئاشنى ئىككى قاچىغا ئۇسۇشقا باشلىدى.

تاماقتىن كېيىن ئايالىمنى ئۇزاتقان بولۇپ كارىدورغا چىقتىم. خالىراق يەردە ئۇنىڭ خەمىت ھەققىدىكى بايىقى كىناييىلىك سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى تەپسىلى ئۇقۇپ باقماقچى بولدۇم.

— يەكشەنبە كۈنى ئۇ كەلگەن ئىدى، — دېدى ئايالىم، ئەترابىغا قاراپ قويۇپ پەس ئاۋازدا، — مەن، دوختۇرخانىغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ بىرىپ قويمىدىڭ، داداڭنىڭ كېسىلىنى بىلىپ تۇرۇپ يۈرىكىڭ قانداق چىداۋاتقاندۇر؟ دىسەم، كەچتە بىر دوستۇمنىڭكىگە بارىدىغان مۇھىم ئىشىم بار، دىمەمدۇ، مىڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. «ھەي قارايۈز، داداڭنىڭ كېسەللىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، سەن چوڭ بولماسەن، كېسەل بولماسەن؟ دەپ ۋاقىردىم. يەنە تېخى بۇ يىلاقتاۋاقىراۋاتسام «پۇل بەرگىن» دەپ بىزىرىپ تۇرمامدۇ.

— مۇنداق دىگىن! ئەلەمدىن يۈرۈكۈم پۇچۇلانغاندەك بولۇپ ئارانلا شۇ سۆزنى قىلالىدىم.

ئاچچىغىدا مېنىڭ كېسەللىكىمنى ئېسىدىن چىقىرىپ بۇ گەپلەرنى دەپ سالغان ئايالىم، مانا ئەمدى پۇشايمان قىلغاندەك مېنى بەزلەشكە، تەسەللى بىرىشكە ئۇرۇناتتى.

پاتاقتا قايتىپ كىردىم.

بەدىنىم سوغاق تەرلەپ، پۇت— قوللىرىم تىترەپ تۇراتتى. خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغان ئاغرىق قايتا قوزغالغاندەك، يۈرۈكۈم سانچىپ— سانچىپ ئاغرىشقا باشلىدى. دورامنى ئىچتىمدە، ئورنۇمغا چىقىپ

يېتىۋالدىم. سەزگۈر ياتاقدىشىم كەيپىياتىمدىكى ئۆزگىرىشنى .. سېزىپ قالغان بولسا كېرەك، گەپ قىلماي مېنى ئۆز ھالىمغا قويدى.

مېڭەمدە تۇرۇۋاتقان-تۇرۇۋاتقان خىياللار چۆگىلەپ يۈرەتتى. بىردىن، تىنگان-دىگاندا ئېنىمەك چۈشۈپ قالسىلا، مېنى چىڭقىرىپ ئىزاپلايدىغان كىچىككىنە... بىر ۋەقە كۆز ئالدىمغا كەلدى. بۇ بۇنىڭدىن يىگىرمە يىللار ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىش ئىدى.

× ×

يازلىق تەتىلدە ئۆيدىلا بولدۇم.

ئاتا-ئانام مېنىڭ يەنە بىر يىلدىن كېيىن داشۆنى پۈتتۈرىدىغانلىقىمدىن خۇرسەن بولۇشۇپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى، بىر ئاي بۇرۇن ماڭا تۇيدۇرماي خېلى ئېسىل رەختتىن بىر قۇر كىيىم-كېچەك تىكتۈرۈپ قويۇشقان ئىكەن، ئۇنى كىيىپ ياسىنىۋالدىم. قىسقىسى، ئۇلار مېنى ئۆزلىرى كىيمىگەننى كىيدۈرۈپ، يېمىگەننى يېدۈرۈپ كۈتۈشتى.

«ئىچكى» دېيىلىپ خىزمەتتىن قالدۇرۇلغان دادام، ھامماللىق قىلىپ ئائىلىدىكى بەش جاننى باقاتتى، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بىرلا كىشىنىڭ ئىشلەپ تاپقان ئازغىنە كىرىمى بىلەن بەش جان بار بىر ئائىلىنى بېقىش ئەلۋەتتە تەس ئىدى. مەن مەكتەپكە تېزرەك قايتىپ ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەتمەكچى بولدۇم. لېكىن، بۇ ئويۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم، تۆت يىلدىن بۇيان داشۆدە بىرگە ئوقۇۋاتقان بىر قىز ساۋاقدىشىم مېنى توسۇپ قويدى، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ خېلىلا باياشات بولغان ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. لېكىن ئۇ مېنىڭ ئائىلەمنى، ئاتا-ئانامنى بىلمەيتتى، ئۇ پەقەت بىر قېتىملا ئاتامنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا سوراپ قالدى، «يىراق جايدا خىزمەتتە» دەپ مۇجمەللا جاۋاپ بەردىم. جاۋاپ بەردىمۇ لېكىن، كۆڭلۈمنىڭ

چوڭقۇر بىر يېرىدە ئوڭايسىزلىنىش، ئازاپلىنىشقا ئوخشايدىغان بىر تۇيغۇنى سەزدىم. ئەمما، كۆڭۈللۈك كۈلكە چاقچاقلار، مەنىلىك شېئىرىي پاراڭلار ھايال ئۆتمەي بۇ تۇيغۇنى كۆڭلۈمدىن كۆ- تۈرىۋەتتى .

بىر كۈنى، ئىككىمىز باغچىغا ماڭدۇق. شەھەرنى ئارىلاپ مېڭىپ، سەيبازىرى كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا ئۇ بىر تونۇشىغا ئۇچرىدى. مەن ئاستا ماڭغاچ تۇردۇم. ئالدى تەرىپىدىن قول ھارۋىسى سۆرىگەن، بېلىگە تىرىم، ئۇزۇن تانا- باغلىۋالغان ھامماللغا ئوخشايدىغان بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. مەن مۇنداقلا پەرۋاسىزلىق بىلەن ھارۋىغا كۆز تاشلىدىم. شۇ چاغدا ھارۋا ئۈستىدە تونۇشتەكلا بىر گەۋدىنىڭ ياتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم-دە، ئىتتىك يېقىنلاپ قارىدىم، بۇ-ئاتام ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىمغىنە ياتاتتى.

— ئاتا، نېمە بولدىڭىز؟-ھولۇقۇپ-ئىسەنكىرەپ سورىدىم. ئاتام كۆزلىرىنى سەللا ئاچتى، ئۇ مېنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ جاۋاپ بەردى:

- ھە، مەن ...بىر ئازمەجەزىم يوق بولۇپ قالدى، ئۆيگە بېرىپ ...بىردەم ئارام...ئالساملا ياخشى...بولۇپ كېتىدۇ.

- دوختۇرغا ئاپىرايمۇ؟

-ياق، ياق، ئۆيگە...كېتەي...،-ئاتام يۆتىلىپ كەتتى، چىرا- يىدىن ئازاپلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ مەندىن سورىدى، -نەگە ماڭغان ئىدىڭ، بالام؟

— مەن ... بىز، باغچىغا چىقىۋىدۇق .

— بېرىۋەرگىن ... ، - دىدى ئاتام، كۆيۈمچانلىق بىلەن ماڭا قاراپ قويۇپ ۋە ھاممال بۇرادىرىگە «مېڭىۋەر!» دىگەندەك قاراپ قويدى. ھاممال ھارۋىنى سۆرەپ مېڭىپ كەتتى. تۇرغان

جايىمدا بۇتتەك تۇرۇپ قالدىم. قىز دوستۇم يېتىپ كەلدى، چىرايىم ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ چۆچۈپ سورىدى:

— نېمە بولدىڭىز؟

نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلەلمەي بىردەم ھاڭۋېقىپ قالدىم.

— نېمە بولدىڭىز؟ گەپ قىلمىدىڭىزچۇ! — قىز دوستۇم تىت-تىت بولۇپ، مېنى جاۋاپ بېرىشكە قىستايتتى.

ۋىجدانىمنىڭ ئازاپلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا ئەيىبى ئەھۋالنى دېيىشتىن ئۆزەمنى قاچۇردۇم. ئاھ ئەقىلسىز نادان، ياشلىق!... شۇ كۈنى مەن ئاغرىق ئاتامنى ئېلىپ ماڭماي، يات بىر ئادەمگە تاشلاپ قويۇپ، قىز دوستۇم بىلەن باغچىغا كەتتىم. لېكىن، پۈتۈن بىر كۈن خۇددى چۈشۈنىۋالغان كىشىدەك خامۇش پەرىشان يۈردۈم. كەچتە ۋىجدانىمنى ئازاپلايدىغان بۇ ۋەقەنى ناھايىتى تەسلىكتە ئانامغا ئېيتتىم، بىچارە، مېھرىۋان ئانام! ئۇزۇنغىچە ماڭا گەپ قىلالماي تىكىلىپ قاراپ قالدى. مەن (سەزدىمكى، ئاتامۇ بۇ ئىشنى ئانامغا تىنىماپتۇ) ئۇنىڭ ئەنە شۇ قاراشلىرىدىن ناھايىتى كۆپ مەنىلەرنى سەزدىم، ئانام بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلىپ مېنى ئەيىپلىمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قاراشلىرى ئەبەدى ئېسىمدىن چىقماس بولۇپ، يۈرىكىمگە ئورناپ قالدى.

ئەنە شۇ ۋەقەنى ھەر بىر ئەسلىسەم ۋىجدانىم چوڭقۇر ئازاپلىناتتى. بۈگۈن بۇ ئازاپنى ئاخىرقى چەكتە كۆردۈم. يىگىرمە نەچچە يىلدىن كېيىن مېنىڭمۇ بىر ئوغلۇم چوڭ بولۇپ، داشۆ ئوقۇغۇچىسى بولدى دەپ قىن-قىنىمىزغا سىغماي خوشال بولۇپ، پەخىرلىنىپ يۈرسەك، ئەللىك نەچچە كۈندىن بۇيان بىر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىغىنى يەتمىگەندەك «بىر دوستۇمنىڭكىگە بارىدىغان مۇھىم ئىشىم بار ئىدى» دەپتۇ. ئاھ، بۇ نېمە دېگەن

رەھىمسىز ئىرخشاشلىق ـ ھە !؟. تېخى بۇگۈنلا مۇنۇ ياتاقدىشىم پەرزەنت ئۈستىدە ھەسرەتلىنىۋاتاتتى. بۇ ئىشلارنى ئۇ ئاڭلىسا نېمە دەيدىكىن !؟ ياق ! ھەممىلا پەرزەنت ئۇنداق ئەمەستۇ ؟ ئۇنداقلار ناھايىتى، ناھايىتى ئاز.

ياتاققا كىرگەن سېستىرا خىياللىرىمنى بۆلىۋەتتى، ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە تېلېگرامما قەغىزى تۇراتتى.

— بۇ سىزگە كەلگەن تېلېگرامما ئىكەن، — دىدى ئۇ ياتاقدىشىمنى ئاستا نوقۇپ، ياتاقدىشىم ئۇخلىمىغان ئىكەن.

— ماڭا !؟ كىمدىن كەلدىكىنە؟ ، — دىدى ئۇ ھەيران بولۇپ ۋە تېلېگراممىنى ئېلىپ ئاچتى، بىردىن ئۇنىڭ چىرايى نۇرلۇنۇپ، خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن ۋارقىرىۋەتتى:

— پاھ، ئوغلۇمدىن ! مېنىڭ ئوغلۇم كېسەللىكىمنى ئاڭلاپ يېنىمغا كېلىشكە يولغا چىقىپتۇ!

ئۇنىڭ ھاياجىنى ماڭا ئۆتكەندەك بولدى. ئۇ خۇددى كىچىك باللاردەك خۇشال بولۇپ، ماڭا ۋە سېستىراغا ئوغلى ھەققىدە سۆزلەيتتى...

كېچە بىر ۋاخ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇيقۇم تامامەن قاچقان ئىدى، ئورنۇمدىن ئاستا تۇردۇم ـ دە، تومپۇچكىدىن قەغەز قەلەم ئالدىم. كىمگە، نېمە دەپ يازىمەن ؟

ياشانغان سويۇملۇك، مېھرىۋان ئاتا ـ ئانام كۆز ئالدىمغا كەلدى. شۇنداق خەتنى ئۇلارغا يازىمەن. چوڭ بولدۇم، ئۆي ـ ئوچاقلىق، بالا ـ چاقىلىق بولدۇم، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىمەن دىگەن بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىكەن. ھاياتتا بىز چۈشىنىشكە، ئىشلەشكە، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تېخى كۆپ ئىكەن. مەن ئاتامغا ھەممە ئىشنى، ئۆتكەنكى ۋە بۈگۈنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن يازىمەن:

— ئاتا مېنى كەچۈرۈڭ!

1984 ـ يىل 25 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى

# مۇھەببەت

پويىز ۋوگزالغا يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ۋاگون دەرىزىسىدىن سىرتقا تىكىلىپ ئولتۇرغان ئوماققىنا-بىر قىز مۇھەببەت يۈرىگىنىڭ رىتىمسىز دۈپۈلدىشىنى سېزىپ، پىسىگىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ گۈزەل شەھەرنى ئىككى يىلدىن بۇيان نەقەدەر سېغىندى-ھە! ۋۇجۇدىنى ئىگەللىۋالغان ھاياجانلىق تۇيغۇ ئۇنىڭ كېلىشكەن ئوماق چېھرىدە جىلۋىلىنىپ، قويۇق، ئەگمە كىرپىكلەر زىننەتلەپ تۇرغان چوڭ-چوڭ شەھلا كۆزلىرى چوغدەك يالتىراپ كەتتى. يەنە بىر قانچە مىنۇتلاردىن كېيىن پويىز ۋاگزالغا كىرىدۇ، ئۇنى ئۇ يەردە ... — مۇھەببەت ئۆز پىكىرلىرىنى باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئەتراپىغا ئىتتىك كۆز تاشلىدى. خەيرىيەت، ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاندەك ئەمەس، ئۇ يەنە بايىقىدەكلا سىرتقا تىكىلىپ ئويلاشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ پات ئارىدا قايتىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاتا-ئانىسىغا خەۋەر بەرگەن، لېكىن ئاتىسىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقى، ئانىسىنىڭ تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، قايسى كۈنى يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتمىغان، ئېنىق خەۋەرنى پەقەت بىرلا كىشىگە تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرغان. بۇ كىشى ئازاتلىق ئارمىيە مەلۇم قۇرۇلۇش قىسمىدىكى جەڭچى رۇستەم ئىدى. رۇستەم بىرەر ئاي ئىلگىرى يازغان خېتىدە بىر قانچە كۈنلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىنى، مۇھەببىتىنىڭ كېلىشىگە

تۇغرىلىماقچى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا يولغا چىققاندىغان ۋاقىتتىدا ئېنىق خەۋەر بېرىۋەتسە، ئۆزى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتقان، مۇھەببەت ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى خۇرسەنچىلىك بىلەن قوبۇل قىلغان ئىدى. دېمەك، شۇ تاپتا، ۋاگزالدا ئۇنى رۇستەم كۈتمەكتە... ئەنتايىن يېقىملىق، شىرىن بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىللىتىپ، يۈرىكىنى ئويناپ كەتتى. كۆز ئالدىدا بولسا، ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن ئاددىيلىق، شۇنداقلا ھەربىيلەرگە خاس جىددىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئېگىز ھەم كېلىشكەن بەستىگە ھەربىي كىيىم ياراشقان قوشۇما قاش، قوي كۆزلۈك سىماسى گەۋدىلەندى.

پويىز گۈدۈك بېرىپ، سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا باشلىدى. مۇھەببەت دەرىزە ئارقىلىق ئالدى تەرەپكە — ئەمدى ئېنىق كۆرۈنۈۋاتقان ۋوگزالغاقارىغاندا، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. پويىز ۋوگزالغا كىردى. مۇھەببەت پويىز سۇپىسىدا تۇرۇشقان كىشىلەرنى بىر-بىرلەپ كۆزدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. لېكىن، ئادەملەر كۆپ بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، ئىزلىگەن ئادىمى كۆزىگە ھېچ چېلىقمايتتى... پويىز توختىدى. ئۇ، ئۇچۇق دەرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا سەپ سالدى. ھەر خىل كىيىمدىكى كىشىلەر توپى ئىچىدە ھەربىيلەرمۇ، ساقچىلارمۇ، پويىز خادىملىرىمۇ ئۇيان-بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، پەقەت ئۇنى كۈتۈۋالغۇچى ھەربىي يىگىتلا كۆرۈنمەيتتى، ئۇ كەلمىدىمىكىنا!؟

— سىز مۇھەببەتقۇ دەيمەن؟... — يېنىدىلا ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈگەندەك قارىغان مۇھەببەت ياش قۇرامى ئاتىسىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ناتونۇش بىر ھەربىي كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ھە، سىز؟... — ئۇ، ھەربى كىشىگە سۇئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

ھەربى كىشى خوشال بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ:

— مۇئاۋىن لىيەنجاڭ ماڭا سىزنى كۈتۈۋېلىشنى ھاۋالە قىلغان ئىدى، مانا، قانداق ياخشى ئىش بولدى-ھە! توپ-توغرا ئۆزىڭىزنىڭلا يېنىغا كېتىۋاتقان ئەمەسمۇ؟ — دېدى ۋە مۇھەببەتنى ۋوگزالدىن باشلاپ چىقىۋېتىپ سورىدى:

— سىز كىمنىڭ قىزى؟

— شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىكى راخماننىڭ قىزى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، دادىڭىزنى ياخشى تونۇيمەن، سىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويغاچ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ كېلەي.

ئۇلار ۋوگزالنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى مەيداندا تۇرغان «بېيجىڭ» ماركىلىق جىپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىشتى.

قىزنىڭ يۈك-تاقلىرىنى ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇغى تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان جەڭچى ھېلىقى ھەربىيگە مۇراجىئەت قىلدى:

— تۇەنجاڭ، قولىڭىزدىكى سومكىنىمۇ مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇۋېتەيمىكىن.

مۇھەببەت ئۆزىنىڭ ئېغىر سومكىسىنى كۆتىرىپ تۇرغان ھەربىيگە قاراپ خىجىل بولۇپ كەتتى-دە، ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى:

«ئوھوي، بۇ كىشى تۇەنجاڭ ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنى سومكا كۆتەرتىپ يۈرگىنىمنى كۆرمىدىغان!... ھەي رۇستەم... سىزنى قارىڭا، ئۆزىڭىز كېلەلمىگەندىن كېيىن، ئالدىمغا چىقىشنى شۇنچە چوڭ ئادەمگە ھاۋالە قىلىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئىدى!؟»

— قېنى قىزىم، ماشىنىغا چىقىڭ! — دەدى نۇەنجاڭ ئاتىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ.

تۇەنجاڭ مۇھەببەتنىڭ ئاتىسى بىلەن تاماقتىن كېيىن ئۇزاق پاراڭلاشتى. بۇ چاغدا مۇھەببەت يۇيۇنۇش ئۆيىگە چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ئەتىگەن، مۇھەببەت تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، ئاتىسى ئاللىقاچان ئىشقا كەتكەن بولۇپ، ئانىسى ئۇنىڭغا ئەتىگەنلىك چاي تەييارلاۋاتاتتى، چايدىن كېيىن ئۇ ئانىسى بىلەن بىر دەم پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

مۇھەببەت چامادانىنى ئېچىپ، كىيىملىرى ئارىسىغا ئورالغان كىچىك، چىرايلىق زىننەتلەنگەن رەسىم رامكىسىنى شىرە ئۈستىگە ئېلىپ قويدى. رامكىغا رۇستەمنىڭ سەككىز سۇڭ قىلىپ چوڭايتىلغان رەڭلىك سۈرىتى ئېلىنغان ئىدى. ئۇ رامكىدىكى سۈرەتكە بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بۈگۈن كىيىدىغان كىيىملىرىنى تاللاشقا باشلىدى «دوختۇرخانامنى سېغىندىم، — ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، — بۈگۈنلا چىقىپ قايتىپ كەلگەنلىكىمنى ئۇقتۇرۇپ قوياي، ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشەي.»

ئۆيگە ئانىسى كىرىپ كەلدى، شىرە ئۈستىدىكى رەسىم رامكىسى ئاۋال كۆزىگە چۈشتى بولغاي، كىرىپ ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن زەڭ سېلىپ قارىدى. ئانىسىنىڭ ھەركەتلىرىگە سەپ سېلىپ قاراپ ئولتۇرغان مۇھەببەت ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ جىمغىنا تۇرىۋەردى.

— بۇ ... شۇمۇ؟ ....، — ئانا، پەس ئاۋازدا سورىدى.

مۇھەببەت ئويلىغاندەك، ئۇنىڭغا قارىمايلا جاۋاپ بەردى:

— ھەئە!

ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى، مۇھەببەت بېشىنى كۆتىرىپ قارىغىنىدا، ئانىسى رامكىدىكى سۈرەتكە ئەمەس، بەلكى دەرىزىدىن سىرتقا — نەلەرگىدۇر قاراپ، قانداقتۇر بىر خىياللارغا چۆمۈلگەنىدەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۆرە تۇراتتى. ئانىسىنىڭ بۇ ھالىتى مۇھەببەتنى گاڭگىرىتىپ قويدى. بىزگە مەسلىھەت سالماپسەن دەپ رەنجىپ قالدىمىكىن؟ ياكى... ئۇ ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ باقتى. لېكىن بۇ پەرەزلىرىنىڭ قايسى توغرىلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. ھەي... بۇ ئۆزىنىڭ ئامراق، كۆيۈملۈك ئانىسىغۇ؟ مەيلىلا، قانداق گەپ بولسىمۇ... ئۇچۇق سۆزلىشىش كېرەك.

— ئانا ئۇ... ياخشى يىگىت! — دىدى ئۇ ئەكىلەپ.

ئانا يالت قىلىپ قىزىغا قارىدى لەۋلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس پەيدا بولغان تەبەسسۇم دەرھاللا ئۆچتى. ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرى قىزىغا يەنە بىردەم سۇئال نەزىرى بىلەن تىكىلگەنىدىن كېيىن خۇددى سۆزلەش ناھايىتى ئېغىر كەلگەندەك، ئاستا ئېغىز ئاچتى:

— شۇنداق، ئۇ... ياخشى يىگىت! لېكىن... — ئانا گەپ قىلىشنى خالىمىغاندەك توختاپ قالدى.

مۇھەببەت ئانىسىنىڭ چىرايىغا سەپ سېلىپ قارىدى، ئۇ، ئانىسىنىڭ ئۆزىگە نىمىدۇر دىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرىشقا قىينىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئانىمۇ قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىۋالغاندەك، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى، مۇھەببەت ئۇنىڭ تولىمۇ مېھرىۋان بىر جۈپ كۆزىدىكى نۇرلارنىڭ ئەمدى بىر جۈپ سوراق بەلگىسىگە ئايلىنىپ، ئۆزىدىن جاۋاپ ئىزلەۋاتقاندەك چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

مۇھەببەت چىداپ تۇرالمىدى.

— ئانا، مەن چۈشىنەلمىدىم، كېيىڭىز بولسا ئېنىقراق ئېيتسىڭىزچۇ!

قىزنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئانا زورغا كۈلۈمسىرىدى.

— باشقا گەپقۇ.... يوق، لېكىن.....

قىز تاقەتسىزلىنىپ سورىدى:

— ئۇنداقتا... سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز نېمىشقا؟...

ئانا كارۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ئەمدىكى قىياپىتىدىن كۆڭلىدىكى گەپنى ئوچۇق ئېيتىشقا جەزىم قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— بولىدۇ، مەن ساڭا ھەممە گەپنى ئوچۇق ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ئۇ، — ئەمما، سەن چىن يۈرىكىڭدىكى گەپنى ماڭا ئېيتقىن، سەن ئۇنى راستىنلا ياخشى كۆرەمسەن؟

قىز باش ئىشارىسى قىلىپ تەستىقلىدى.

— ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى قاچان باشلانغان؟

— مەن بىلىم ئاشۇرۇشقا مېڭىشتىن بىر يىل بۇرۇن.

— شۇ كەمگىچە بىزگە نېمىشقا ئېيتمىدىڭ؟

قىز جاۋاپ بەرمەي يەرگە قارىدى.

— مانا، گەپ مەشەدە! مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن سېنىڭ ئۇنى چىن يۈرىكىڭدىن ياخشى كۆرگەنلىكىڭگە ئىشىنەلمەي قالدىم.

مۇھەببەتنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— ۋاي، جېنىم! مۇشۇ گەپ ئۈچۈن مېنى شۇنچە قورقىتتىڭىزمۇ؟. — دېدى ئۇ كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ ۋە ئانىسىغا يېقىن سۈرۈلۈپ كېلىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، — مەن تېخى نىمىلەرنى ئويلاپ كېتىپتىمەن دەڭا! — ئۇ ئانىسىنىڭ يۈزىگە مەڭزىنى يېقىپ تۇرۇپ سورىدى. — ئۈچ-تۆت يىللار

ئىلگىرى، مەن كېچىلىك ئىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر پالاكەتكە يولۇققىنىمنى سۆزلەپ بېرىۋېدىم، ئېسىڭىزدىمۇ ئانا؟

— پالاكەتكە؟

— ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويۇپسىز-دە؟ كېچىدە ئالدىمنى ئۈچ لۈكچەك توسۇۋېلىپ، سائەت، ۋەلسىپىتلىرىمنى تارتىۋالماقچى بولۇشۋاتقاندا، ناتونۇش بىر ئەسكەر يېگىت كېلىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى راسا كېلىشتۈرۈپ بېرىپ، مېنى ئۆيگىچە ئەكىلىپ قويۇپ، قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىۋېدىمغۇ؟

— ھە، ھە، ئېسىمگە كەلدى، ئۇ ئەسكەر يېگىت مۇشۇمىدى؟

— ھەئە! ئۇ شۇ چاغدا بىر كېسەلنى ئېلىپ شەھەرگە كەلگەن ئىكەن، مۇشۇ يەرلىك بىر جەڭچىنىڭ ئائىلىسىگە ئۇنىڭ خېتىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، قايتىپ كېتىۋاتقاندا ماڭا ئۇچراپتۇ.

ئانا شىرە ئۈستىدىكى رەستەمنىڭ سۆرىتىگە قاراپ، تېخىچە ئۆزىنى قۇچاغلاپ ئولتۇرغان قىزىنىڭ چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىپايتتى.

مۇھەببەت ئۇلارنىڭ ئۆمرىدە كۆرگەن بىردىن-بىر پەرزەنتى ئىدى، ئۇلار ئارزۇلاپ باقتى، ئوقۇتتى. ئۇ ئەقىللىق، ئىشچان ۋە ئاقكۆڭۈل قىز بولۇپ ئۆستى، ئۇ تىببى ئىنىستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ، ئۆزى تەقسىم قىلىنغان دوختۇرخانىدا ئىككى يىل ئىشلەپلا، رەھبەرلىكنىڭ ئالاھىدە دىققىتىگە سازاۋەر بولدى. رەھبەرلىك مۇھەببەتنىڭ كېلىنكىلىق داۋالارشتىكى تىرىشچانلىقى، ئىزلىنىشى ۋە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشكە بولغان تەلپۈنۈشىنى سېزىپ، ئالدىنقى يىلى شاڭخەيگە ئىككى

يىلىلىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئېۋەتكەن ئىدى. ئانا بىردەم ئۆزىنى قۇچاغلاپ ئولتۇرغان قىزىغا، بىردەم شىرەدىكى سۆرەتكە قارايتتى، ئۇ ئاخشام ئېرىدىن رۇستەمنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى ئاڭلىغان، رۇستەم يىراق يۇرتتىكى بىر دېھقاننىڭ ئوغلى ئىكەن، لېكىن، بۇ يىگىت قىرىشقاندەك، بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ... ھەي، بۇ مۇرەككەپ ئىشنى قايسى يول بىلەن قىزىغا ئۇقتۇرسا بولىدىكىن - تاڭ! ؟ ... ئويـلاپ - ئويلاپ بېشى قاتقان ئانىنىڭ بىردىنلا ئېرىغا ئاچچىغى كېلىشكە باشلىدى: «ئۆزەڭ بىر ئىدارىنىڭ باشلىغى سەنۇ، مۇشۇنداق بىر ئىشنى قىزىڭغا ئېيتىشنىڭ يولىنى تاپالماي، ئۆزەڭ ئېپىنى تېپىپ ئۇقتۇرغىن! دەپلا خىزمىتىڭگە قاچىسەن، مەن بىر ئائىلە ئايالى بۇنداق مۇرەككەپ ئىشنى... ھەي! ... مەيلى، نېمە بولسۇن ئۆزەم بۇ ئىشنى ئۇقتۇراي ...»

— قىزىم، — دېدى ئانا ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ قاراپ، — ياشتا كىچىك بولغىنىڭ بىلەن ئەقلىدە خېلى چوڭسەن، ساڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم گەپ بار ئىدى.

مۇھەببەت بېشىنى ئىتتىك كۆتىرىپ ئانىسىغا قارىدى. ئانىنىڭ مۇلايىم كۆزلىرى، قىزىنىڭ نۇرلۇق، پاك، زېرەك كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— تۈنۈگۈن سېنى كۈتۈۋالىشقا رۇستەم چىقماي، بەلكى ئۇنىڭ تۇەنجاڭى چىققىنىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەمسەن، قىزىم؟ قىز ئىتتىك جاۋاپ بەردى.

— ئۇ جىددى بىر ۋەزىپە بىلەن كېلەلمەپتىغۇ؟

— ياق، ئىش ئۇنداق ئەمەس.

مۇھەببەت ئانىسىنى قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرىنى بوشىتىپ، كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ، ئۇنىڭغا چۈشەنمەسلىك بىلەن قاراپ

قالدى، ئانا قىزىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— رۇستەم، راستىنلا باتۇر، قەھرىمان ئىكەن، ئۇ، ئۇ...

— ئۇ نىمە بوپتۇ؟ تېزرەك ئېيتىڭىزچۇ، ئانا! — مۇھەببەتنىڭ يۈرىكى بىر دەشەتنى سەزگەندەك ئىتتىرەپ كەتتى.

— ياق، ياق، ئۆزەڭنى بېسىۋال... ئۇ ئېغىر ياردار بوپتۇ.

مۇھەببەتنىڭ بوغىزىغا ئاچچىق بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى، لېكىن ئانا ئۇنى قۇچاقلىۋالغان ئىدى.

— ئۇ هايات، ئۇ هايات!... — ئانا قىزىغا پەقەت شۇ سۆزلا تەسەللى بولالىغاندەك ھەدەپ پىچىرلايتتى. ئۇلار شۇ ھالەتتە خېلى بىر ھازا ئولتۇرۇشتى.

— كېچە داداڭدىن ئاڭلىدىم، — دېدى ئانا ئاخىر ئېغىز ئېچىپ، — سېنىڭ تېلېگىراممىڭ رۇستەم يارىلانغاندىن كېيىن كەپتۇ، جەڭچىلەر ئۇنى تۇەنرەھبەرلىگىگە بېرىپتۇ، ئۇلار بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، رۇستەمنىڭ بىر سىرداش سەپدىشىنى تېپىپ، ئەھۋالنى ئۇقۇشۇپتۇ، تونۇگۇن شۇڭا تۇەنجاڭنىڭ ئۆزى سېنىڭ ئالدىڭغا چىققان ئىكەن.

ئانا ئۇنىڭدىن كېيىن رۇستەمنىڭ قانداق يارىلانغانلىقىنى توغرىسىدا تۇەنجاڭنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى قىزىغا سۆزلەشكە باشلىدى.

ئەتىراپ قېلىن قار-مۇزلار بىلەن قاپلانغان قاتمۇ-قات تاغلار ئىچىدە تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقان مەلۇم قىسىمنىڭ بىرىنچى تۇەنى ئۆز يولىدىكى 18-نومۇرلۇق تونېلنى ئېچىش جەڭگىنى قىزىتىۋەتكەن ئىدى، پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان 6-لېيەن پىلاننى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاشقا تىرىش-

گەن ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن، دەھشەتلىك سوغاققا قارىماي جەڭ قىلىۋاتاتتى. سىياسى كومىسسار يېقىندا كەتكەن. لىيەنجاڭ ئاغرىپ قالغان شارائىتتا مۇئاۋىن لىيەنجاڭ رۇستەم لىيەننىڭ پۈ- تۈن ئىشلىرىغا يالغۇز قوماندانلىق قىلىپ، بىر قانچە كېچە- كۈندۈز ئاجايىپ قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەپ، پۈتۈن قورۇلۇش لىنىي- يەسى بويىچە ئىش سۈرئىتىنى كۆرۈنەرلىك ئىلگىرى سۈرمەك- تە ئىدى. ئاخىرقى بىر قېتىملىق مۇرەككەپ بولغان چەمبەرسىمان پارتىلىتىش جېڭىدە ئۈچ ئىسمېنىدىمۇ ئۇدا دەم ئالماي ئىشلەۋاتقان رۇستەم بىر جەڭچىنىڭ پارتىلىتىش دورىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، خەتەرلىك دائىرىدىن چىقماي تۇرۇپلا ئاقساپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ، ئىنتايىن خەۋپلىك بولغان بۇ پەيتتە ئۇ قىلچىمۇ ئىككىلىنىپ تۇرماي ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ جەڭچىنى كۆتىرىۋالىدۇ-دە، بىخەتەر دائىرىگە ئېلىپ ماڭىدۇ، لېكىن، ئۈلگۈرەلمەيدۇ، گۈ- مبۈرلىگەن قاتتىق پارتلاش تاغۇ-تاشلارنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. جەڭچىلەر يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىپ تاش-توپا، قار، قان ئارىلى- شىپ كەتكەن جايدا گەۋدىسى بىلەن جەڭچىنى بېسىپ ياتقان مۇئاۋىن لىيەنجاڭنى كۆرىدۇ... نەچچىلىگەن جۈپ قوللار ئۇنى ئاۋايلاپ كۆتىرىپ، نوسۇلكىغا سېلىۋاتقاندا، ئۇ ئۆز گەۋدىسى بىلەن ساقلاپ قالغان جەڭچى ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئېچىپ، لىيەنجاڭنىڭ گەۋدىسىنى كۆرىدۇ-دە، ئۆزلىرىنى ئاران-ئاران تۇتۇپ تۇرغان سەپداشلىرىنىڭ يۈرەك-باغرىلىرىنى تىترىتىپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ تاشلايدۇ.

رۇستەمنىڭ تېنى كۈچلۈك، ئۆزى ياش بولغاچقا، ئۇ خەتەرلىك ئەھۋالدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۇ، ئالدىنقى كۈنىلا ئۆزىنىڭ بىر پۇتىنىڭ يوقالغىنىنى سېزىپ قېلىپ...،

— ئانا گېپ... لېك ئاخىرىنى ئېيتالماي لەۋلىرىنى چىشلىدى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغان ئىدى.

مۇھەببەت ئىنسىدىن ئاجراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ ئاۋال شۇ ئۇستىدىكى رۇسىمىنىڭ سۆرىتىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن دەرىزىدىن سىرتقا قارىدى. «بىر پۈتى يوق» دېگەن سۆز ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تۇۋىدە جاراڭلاپ، پۈتۈن ئۆي - پىكرىنى ئىگەي - تىگەي قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چېكىلىرى لوقۇلداپ، بېشى ئاغرىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئەقلى، ۋىجدانى مېڭىسىنى ئايلىدۇرۇۋاتقان ئاشۇ چىگىش پىكىرلەر بىلەن ھەدەپ ئېلىشىۋاتاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا رۇستەمنىڭ ھازىرقى قىياپىتى گەۋدىلەندى، شۇ چاغدا، مۇھەببەت چىشلىرىنى - چىشلىرىغا چىڭ بېسىپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، «ياق، ياق! ئۇنىڭ بىر پۇتى يوق بولغان بىلەن ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن سادىقەت بىلەن سوقۇپ تۇرغان قەيسەر، قورقۇمسىز يۈرىگى بار!» قىز شۇ ھامان ئانىسى تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى.

— ئانا، مەن... ھازىرلا... ئۇنىڭ يېنىغا باراي! — دېدى ئۇ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەپ.

ئانا قىزىنىڭ شۇ تاپتىكى چىرايىغا قاراپ، كۆڭلىنى تىنىغاندەك يېنىك نەپەس ئالدى ۋە دېدى:

— بارغىن، بارغىن، ئەقىللىقىم! ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپتۇرغىن!

1984 - يىل مارت، ئۈرۈمچى

# ئەل رايى

سەبىخ ئالدىدىكى يۇمۇلاق گۈللۈك يېنىغا ياش قۇرامى ھەر خىل بىر تۈرۈپ ئىشچى يىغىلىۋالغان ئىدى، ئىشقا چۈشۈشكە ئوتتۇز مىنۇتچە ۋاقىت بار، ئۇلار نېمانچە بالدۇر كېلىۋالدىكىنە؟ ھە، ئۇلار نېمىندۇر قىزغىن تالىشىپ سۆزلىشىۋېتىپتۇ.

— مېنىڭچە، ئۆمەر سەبىخ جۇردىنى بولۇشى كېرەك!

— تۇغرا، ئۇ قابىلىيەتلىك، ئىشچان ئادەم!

— بەكىر دىچۇ؟

— بەكىرمۇ بولىدۇ — يۇ، لېكىن ئۇ، ئىشتىن كۆرە، گەپنى كۆپرەك قىلىدۇ-دە.

— رەيىنى سىناش سايلىمى دىگەنگە تازا ئىشەنمەيدىم، يەنە شۇ باشلىقلار كىمنى خالىسا، شۇ بولارمىكىن؟

— ياق، بۇ قېتىم ئۇنداق بولمايدۇ.

— كىمنىڭ زىيان تارتقۇسى كەلگەن بولسا، مەن بىلەن باغلاشسۇن ، — مايلىشىپ كەتكەن كۆك كەپكىسىنى ئىرىك كۆزىگە باستۇرۇپ قىڭغىر كىيىۋالغان ئوتتۇز ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئىشچى توپنىڭ ئالدىغا چىقتى-دە، ئەتراپىدىكىلەرگە ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا كۆز يۈگۈرتتى ، — بۇ قېتىمقى تەكشەشتە سەبىخ جۇردىنىغا سىلەر ماختاۋاتقان ئۆمەر ئەمەس، بەلكى بەكرى تەيىنلىنىدۇ .

— ناتايىن ، — ياشانغان، بۇرۇتلۇق بىر ئىشچى كۆك كەپكىلىك ئىشچىنىڭ گېپىگە قارشى چىقتى. ئىشچىلارنىڭ ھەممە-

سى ئۇنىڭغا بۇرىلىپ قاراشتى. ئۇ ئاغزىدىكى مۇخۇركىنى تىلى بىلەن لەۋىنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە يۆتكەپ قويۇپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن كۆك كەپكىلىك ئىشچىغا قارىدى.

— مۇمكىن لېكىن ... ئەمەتتىكا، مۇشۇ تۇرغانلارنى بىر قېتىم مېھمان قىلىش ئۈچۈن مەن بىر ئايلىق مائاشىمنى چىقىرالايمەن، سەن بولساڭ ... — ئۇ بىردەم توختىۋېلىپ، مېيىغىدا كۈلگىنىچە ياشانغان ئىشچىغا قاراپ قويدى، — سەن كۆپ بالىلىق ئادەم، بۇنچىۋالا ئادەمنى مېھمان قىلىمەن دەپ، تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالارسەنكىن.

ياشانغان ئىشچى يالىت قىلىپ ئۇنىڭغا بىر قارىدى، ئۆزىدىن يىگىرمە نەچچە ياش كىچىك بولغان بۇ كۆك كەپكىلىكنىڭ سۆزى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى بولغاي، بۇرۇتلىرى لىككىداپ، كۆزلىرى ئاجايىپ بىر خىل نۇر بىلەن يالتىراپ كەتتى.

خاتىرجەم بولغىن، ئەمەتتىكاڭ ئەزەلدىن زىياندىن قورققان ئادەم ئەمەس، — دېدى ئۇ ئىمكانىقەدەر ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىپ. ئۇ يەنە مۇخۇركىنى قاتتىق - قاتتىق شورىۋېلىپ، ئاستا، لېكىن ئېنىق قىلىپ قوشۇپ قويدى، — مەن تەشكىلنىڭ ئۆز گېپىدە تۇرىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

كۆك كەپكىلىك ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي، «ھە-ھە» قىلىپ دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ، كۆپچىلىككە قارىدى.

— پاكىتلىرىم بار، يولداشلار، — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇغىغا سالغىنىچە ئىشەنچ بىلەن سۆزلەپ، — بىرىنچى، ئالدىنقى يىلى تېخنىكا يېڭىلاشتا، ئۆمەر چاڭجاڭنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدى.

— ئۆمەرنىڭ ئىجادىيىتى زاۋۇت بويىچە ئەلا باھالىنىپ مۇكاپاتلانغانغۇ ؟ — كىمدۇر بىرسى لوقما تاشلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى

بولۇۋەتتى.

ھە، گەپ دەل شۇ يەردە، — كۆك كەپكىلىك ئىشچى لوقما تاشلىغۇچىغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، كولۇمسىرىگىنىچە گېپىنى داۋام قىلدى، — شۇ قېتىمقى ئىشقا دەسلەپتە چېكىنىڭ قوشۇلمىغانلىقى ھەممىگە ئايانغۇ؟ كېيىنكى ئەمەلىيەت جەريانىدا چاڭچېڭ مات بولدى، ئۆمەر زاۋۇتقا شان - شەرەپ كەلتۈرۈپ، ئوتتۇرۇپ چىقتى، شۇنىڭدىن كېيىن چاڭچاڭ ئۆمەرگە نىسبەتەن ئۈششۈك ھەرىدەك زەھەرىنى سانچىپ، قاپىقىنى ئاچماي كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشنى يالغۇز پېقىرلا ئەمەس، خېلى كۆپ ئىشچىلارمۇ بىلىدۇ. مۇشۇ جەريانىدا بەكرى بىلەن چېكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى كەلگەن شۇجى بەكرىنىڭ بىر يۇرتلىقىلا ئەمەس، بەلكى يېقىن تۇققىنى.

ئۆمەرنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ، ئىشنىلا بىلىدىغان، مۇناسىۋەتلىشىشنى بىلمەيدىغان ساددا بىچارە. بەكرى زاۋۇت بويىچە ئەڭ داڭلىق دىپلومات.

ئىشچىلار ئىچىدىكى بىر — بىرىگە قارىشىپ، خۇددى ئەمدىلا كۆك كەپكىلىكنىڭ گېپىدىنلا تېگىگە يەتكەندەك باشلىرىنى لىڭشىتىشتى.

— راست، يېڭى كەلگەن شۇجى بەكرىنى تۇققىنىم دەپ قىلالاپ كېتەرمۇ؟ — كىمدۇر بىرى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا سۆزلىدى.

— مەن تېخى يېڭى شۇجىنى باشقىچە ئويلاپتىمەن.

— مەنچۇ؟ ئۈچ - تۆت ئايدىن بۇيان ئىش كىيىمىنى كىيىپ، ئۇ سېختىن - بۇ سېخقا كىرىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قايسىمىز بىلەن سىردىشىپ، كۆڭلىمىز-

گە ياققىدەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرسە، ئەمدى كۆڭۈلدىكىدەك، ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان، ئادىل، قابىلىيەتلىك بىر ياخشى رەھبەرگە ئېرىشىپتۇق دەپ خۇش بولۇپ يۈرۈپتىمەن.

— مېنىڭچە، ئاغىنىلەر، بۇ قېتىمقى زاۋۇت رەھبەرلىرىدىن گۇمانلىنىش تازا توغرا ئەمەسمىكىن دەيمەن.

— شۇنداق، بىزدە «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» دىگەن گەپ بار، باشلىقلىرىمىزدىن ئالدىراپلا گۇمانلانىشقا بولمايدۇ!

— توغرا، ئەمەلىيەتكە قاراپ ھۆكۈم قىلىش كېرەك!

كۆپچىلىك بىر بىرىگە سۆز بەرمەي، ئۆز كۆڭۈللىرىدىكىنى سۆزلەپ كېتىشتى.

— ھەي، ھەي، ئاغىنىلەر، — دىدى كۆك كەيكىلىك ئىشچى يەنە ھەممىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ ۋاقىراپ، — مۇنداق قۇرۇق تالىشىۋېرىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق، ئېيتقىنغۇ، بەكرى سۆزسىز سېخ جۇرىنى بولىدۇ! ئىشەنمىسەڭلەر، مانا مەن تەييار، شەرت شۇكى، مۇشۇ يەردىكى يىگىرمە، نەچچەيلەننى شەھەرلىك خەلق ئاشخانىسىغا ئاپىرىپ بىر قېتىم راۋۇرۇس مېھمان قىلىش كېرەك! قېنى كىم گاڭگىزۈك بولسا قولىنى بەرسۇن، — ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن بېشىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، باغلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى ئالدىغا چىقىرىپ، كۆپچىلىككە قارىدى.

— مانا، مەن باغلىشىمەن، — دىدى ياشانغان ئىشچى ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلارنى ئىككى ياققا ئاستا ئىتتىرىپ يول ئېچىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — قېنى قولۇڭنى بەرگىن، سەن چىدىساڭلا، مەنمۇ چىدايمەن.

لېكىن، ئۇلار باغلاششقا ۋە باشقا گەپلەرنى قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. دەل شۇ چاغدا ۋاقىراپ، يۈگۈرۈپ يېتىپ

كەلگەن ياشقىنە بىر ئىشچى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

— يولدىشلار، ھەي، يولدىشلار! — دەيتتى ئۇ ھاسىراپ،

— مەمۇرىيەت بىناسىنىڭ ئالدىغا يېڭى سېخ جۇرنىلىنىڭ ئۈسسىنگىنى چاپلاپتۇ!

بىر قانچە ياش ئىشچى مەمۇرىيەت بىناسى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

— ئىسىل كەرنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ — كۆك كەپكىلىك خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ياشتىن ئالدىراپ سورىدى.

— ئوقۇدۇم.

كۆك كەپكىلىك ياشانغان ئىشچىغا قېنى، ياخشىراق ئاڭلاپ تۇرغىن دېگەندەك قاراپ قويۇپ، يەنە سورىدى:

— خوش، بىزنىڭ سېختا كىم جۇرىن بولۇپتۇ؟

— ئۆمەر ئاكا.

ياشانغان ئىشچىنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى، ئۇ گەپ قىلماستىن كەينىگە بۇرۇلدى، يۇمۇلاق كۆلۈكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن زاۋۇت پارتكومىنىڭ يېڭى شۇجىسى بىلەن زاۋۇت باشلىقى خوش تەبەسسۇم بىلەن ئىشچىلار تۇرغان تەرەپكە كېلىشىۋاتاتتى.

1984 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# ھىلاي «كالۋا»

بۇ بازارنى كىشىلەر «ئەركىن بازار»، «شاڭخەي بازىرى»، «شاڭگاڭ بازىرى» دىگەندەك ناملار بىلەن ئاتىشىدۇ. ئۇزۇن سوزۇلغان بۇ بازار يېرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاتار تىزىلغان بوتكا دۇكانلاردىكى ماللارنىڭ ئىسىللىگى، رەڭگا-رەڭ ۋە گۈزەللىگى ھەقىقەتەنمۇ كىشىگە شاڭخەينىڭ ئاۋات ماگىزىنلىرىنى ئەسلىتىدۇ. دۇكانلارنى ئارىلاپ ئىزىڭ تەرەپ بىلەن ئالغا ماڭسىڭىز ئەڭ ئاخىرىدا يېشىل سىرلانغان ۋە باشقا دۇكانلارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك كىچىك بىر بوتكا — دۇكان بار. دۇكاننىڭ ئىگىسى ئوزۇن بۇرۇتلىرى ئىككى ياققا چىرايلىق قايرىلغان ئەللىك ياشلاردىكى ئىگىز بويلۇق كىشى بولۇپ، ئۇنى بۇ يەردىكى كۆپچىلىك تىجارەتچىلەر ھىلاي «كالۋا» دەپ ئاتىشىدۇ. «كالۋا» لەقىمىنى قوشماي ئىسمىنى ئاتىسىڭىز، ئۇنى ئۇزۇندىن بۇيان تونۇيدىغانلارمۇ «قايسى ھىلاينى دەيسىز؟ ... ھە، ھىلىقى كالۋانى دەمسىز؟ ...» دەپ بۇ ئالاھىدە نامنى ئېسىڭىزگە سالماي قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ھىلايمۇ؟ ياق! ئۇنىڭ ئايىلى ۋە بىر قىسىم چوڭراق ياشتىكى كىشىلەر ئۇنى ھىلايدىن دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭغا «كالۋا» لەقىمى نىمە ئۈچۈن قويۇلۇپ قالغان؟ بۇنى كېيىنچە بىلىمسىز. ھازىرچە بىز ئۇنى ئاشۇ يەردىكى تىجارەتچىلەردەك ھىلاي «كالۋا» دەپ ئاتاپ تۇرايلى؛ مانا شۇ تاپتا ھىلاي «كالۋا» دۇكىنىدا ئايىلى بىلەن نىمە ھەققىدۇر كۆيۈپ - پىشىپ سۆزلەشمەكتە:

— ئازمايدىغان ئادەم يوق، ئانىسى، — ھىلاي «كالۋا» قولىياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ، ئايىلىغا قاراپ خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — ھىچگەپ يوق، ناھايىتى كەلسە بىز بىر قېتىم ئازراق زىيان تارتقان بولارمىز.

«ئازراق زىيان» مىش، — ئايىلى غىدىڭشىدى، — بىر مىڭ نەچچە يۈز يۈەن بىزگە ئاز زىيانمۇ؟

باشقىلار گېپىمنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دىگەندەك، ھىلاي «كالۋا» ئايىلىغا ئېڭىشىپ ئاستا سۆزلىدى:

— كونىلار، پايدا بىلەن زىيان قوشكېزەك دىيىشىدۇ، زىيانغا چىدىمىغان ئادەم تىجارەت قىلالمايدىغىنى لازىم، ئەمدى ... بۇنىڭدىن كېيىن بىز ئەقىللىقراق ئىش قىلىشنى ئۆگىنىمىز - دە ئانىسى.

— ھە، شۇڭا سىلىنى ھەممە ئادەم ھىلاي «ئەقىللىق» دىيىشكەندە؟ ...، — بىر مىڭ نەچچە يۈز يۈەن كاللىسىغا كىرىۋالغان ئايال، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ تەنىلىك گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى.

ھىلاي «كالۋا» نىڭ قويۇق قارا قاشلىرى ھىمىرىلىپ، ئۇزۇن بۇرۇتلىرى لىكىلداپ كەتتى. ئۇ ئايىلىنى خۇددى يېڭىلا كۆرۈۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ تەئەججۈپ ۋە ئاچچىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ قالدى؛ باشقىلارغۇ نىمە دىسە دەيدۇ، لېكىن ئوتتۇز يىل بىر ئائىلىدە ياشىغان قەدىناس ئايىلىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق سۆز چىقسا، قانداق بولىدۇ؟ ھە — ي! ... ئاشۇلارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ خىيال بىلەن جىمغىنە ئولتۇرۇپ قالدى. ئېرىنىڭ جىم بولۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئايال ئاستا بىرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېرىنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغان ئەلەملىك كۆزلىرىگە چۈشكەندە، كاللىسىدىكى ھىلىقى «بىر مىڭ

نەچچە يۈز، ... دېگەن سان بىردىنلا غايىپ بولۇپ، ئورنىنى بىر خىل خىجىللىق ئىگەللىدى: «ئەجەپ گەپ قىلىپ سالدىم ــ ھە؟ ــ كۆڭلى ئېرىگەن ھالدا ئويلىدى ئۇ، ــ ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى مەن بىلەمتىم؟ ھەي، مېنىڭ كاللامنىزە!...»

ــ ياخشى، يامان بولسا ئۆزەڭلەر بىلىسىلەر، ــ دېدى ئايال، ئېرىدىن كۆزىنى ئېلىپ، بىردىنلا مۇلايىملىق بىلەن، ــ مەن شۇ... پۇلنىلا ئويلاپ قاپتىمەن.

ھىلاي «كالۋا» ئايالنىڭ بايا قىلغان سۆزىگە خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەندى، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئاچچىق غەشلىكمۇ شۇ ھامان يوقالدى.

ــ ئۆزىمىز ئالدامچى ھايانكەشكە ئالدىنىپ، مانا ئەمدى بىزمۇ باشقىلارنى ئالدىساق، ئادىللىق بولمايدۇ ـ دە، ئانىسى، ــ دېدى ئۇمۇ مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەپ، ــ تىجارەت ئۆز يولىدا توغرا بولسا، تاپقىنىمىزمۇ ھالال بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئايال بېشىنى ئېغىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلايتتى، ھىلاي «كالۋا» نىڭ چىرايى تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى.

ــ شۇنداق قىلايلى، ئانىسى سىلە بۇ ھالقىلارنى مەن كەلگۈچە ساتماي تۇرۇڭلار، مەن ھۆكۈمەتنىڭ توپ مال تارقىتىش شىركىتىگە بېرىپ، بۇنىڭ ھەقىقى باھاسىنى ئۇقۇشۇپ كېلەي.

ھىلاي «كالۋا» ئەينەكلىك كىچىك تەنزە ئىچىدىكى كۆز چاقنىتىپ يالتىراپ تۇرغان چىرايلىق ھالقىلاردىن ئىككى جۈپنى ئېلىپ ياغلىققا ئورىدى.

ھىلاي «كالۋا» كېتىپ ئون مىنوتمۇ ئۆتمەستىن ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى دۇكاندا ئىشلەيدىغان سېمىز ئايال تىجارەتچى پوزۇر ياسانغان 2 ياش ئايالنى باشلاپ، ئۇنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كەلدى.

ــ سارىخان، سىلىگە خېرىدار باشلاپ كەلدىم، قېنى، تونۇگۇن

ھىلايكام ئەكەلگەن ھالقىلارنى چىقارسىلا، — دىدى ئۇ ھىلاي «كالۋا»نىڭ ئايلىغا قاراپ، — مەنىلىك كۆز ئىشارىسى قىلىپ قويۇپ.

— ھىلايىدىن ئاكىلىرى بۇ ھالقىلارنى مەن كەلگۈچە ساتماي تۇرۇڭلار، دىگەنتى.

— ۋاي-ۋۇي تازا قىزىقكەنلا، خېرىدار مال ئالىمەن دەپ دۇكانغا كەلسە، مالنى ساتماي قايتۇرۇۋېتىدىغانمۇ ئىش بارمىكەن؟ ...، — سېمىز ئايال سارىخاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، تەنزە ئىچىدىكى ھالقىلاردىن بىر جۈپنى ئېلىپلا ھىلىقى ئاياللارغا ئۇزاتتى.

— قېنى، سىڭىللىرىم، كۆرۈشۈپ بېقىشسىلا.

ھالقىلار ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىككىنە قىزىلىق ياقۇت كۆزلىرى ۋالىلداپ تۇراتتى.

— پاھ، پاھ! نىمە دىگەن چىرايلىق ياسالغان! ... — ئاياللار ھالقىنى قولىرىغا ئېلىپلا ماختىشىپ كەتتى، ئۇلار نۆۋەت بىلەن ھالقىلارنى قۇلاقلىرىغا سېلىپ ناھايىتى ياراشقانلىقىنىمۇ سۆزلەپ كېتىشتى.

— باھاسى قانچىكىنە؟ — دىدى ئۇلارنىڭ بىرسى سودا قىلىشقا ئالدىراپ.

— ئەرزان، يىگىرمە بەش يۈەندىن بەرسەڭلەرلا بولدى، — دىدى سېمىز ئايال، سارىخان ئېغىز ئېچىپ بولغىچە ئالدىراپ جاۋاپ بېرىپ.

— يىگىرمە ئۈچ يۈەندىن بەرسەك بولماسمۇ؟ — دىيىشتى ئۇلار ئىككىلەنگەن ھالدا سودىلىشىپ.

— ياق، سىڭىللىرىم، مەن تېخى سىلەرنى ئۆزەم باشلاپ كەلگەچكە باھا قويمايلا نەخ گەپنى قىلدىم، ئەگەر ئالمايدىغان نىيىتىڭلا بولسا ...

— ياق، ياق، ئالىمىز، — دېيىشتى ئۇلار ئالدىرىشىپ ۋە دەرھال يانچۇقلىرىدىن پۇل چىقىرىشقا باشلىدى.

خاپا بولۇشمىسىلا سىڭلىلىرىم، مەن بۇ ھالقىلارنى بالىلارنىڭ دادىسى كەلمىگۈچە ساتالمايمەن، — دىدى سارىخان تۇيۇقسىزلا، ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىغاندەك قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

ئاياللار ھاڭ-تاڭ بولۇپ، بىر-بىرىگە قاراپ قىلىشتى.

— سارىخان، يىگىرمە بەش يۈەننى ئاز كۆرۈۋاتامىلا ؟ — دىدى سىمىز ئايال قاشلىرىنى سوزۇپ تەنە بىلەن.

— ياق، ھەرگىز! ئەمدى ئۆزلىرى بىلىلا، ئۇ كىشى «ساتماي تۇر» دەپ تاپىلاپ كەتسە، مەن سېتىۋەتسەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە 25 يۈەندىن ساتسام توغرا بولماس.

خېرىدار ئاياللار ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئۆزلىرىچە باشقا مەنە بېرىپ، يەنە ئالدىراپ ئېغىز ئېچىشتى:

— ئەگەر باھانى تۆۋەن كۆرسىلە، ئېيتسىلا، بىز يەنە بىر ئاز پۇل قوشۇپ ئالايلى.

سىمىز ئايال يالت قىلىپ سارىخانغا قارىدى.

— باھانى تۆۋەن كۆرمىدىم، — دىدى سارىخان تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن ئىزاھ بېرىپ، — ئەگەر ساتىدىغان بولساق 25 يۈەندىن ئەمەس، يىگىرمە يۈەندىن ساتىمىز. لېكىن بىزنىڭ ئادەم بۇ ھالقىنىڭ باھاسى ئۈستىدە ئەتىگەن باشقىچىرەك گەپ ئاڭلاپ قالغان ئىكەن، شۇڭا سۈرۈشتۈرگىلى كەتتى، بىرەر سائەتكە قالمايلا قايتىپمۇ كېلەر، شۇ چاغدا كېلىشسىلە ئاندىن بىر نىمە دېسەك بولارمىكىن.

— ۋاي جان، سىلىگە ياخشىلىق قىلىمەن دىگەن ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ ساراڭ، — دىدى سىمىز ئايال ئاچچىق بىلەن لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ۋە ساغرىسىنى چايقاپ ئۆز دۇكىنى تەرەپكە مېڭىپ

كەتتى، سارىخان ئۇنىڭ كېتىۋېتىپ «كالۋانىڭ خوتۇنىمۇ كالۋا كەنغۇ ...» دېگەنىنى ئاڭلاپ قالدى. خېرىدار ئاياللار شۇنىڭـ دىن كېيىنمۇ خېلىغىچە كەتمەي دۇكان ئالدىدا تۇرۇشتى، سارىخانغا ئۇنى — بۇنى دەپ بېقىشتى. ھەتتا 25 يۈەنگە يەنە بىر ئىككى يوندىن قوشۇپ ئۆستۈرۈپمۇ كۆرۈشتى. ئاخىرى، سارىخاندىن ھۆزۈرخالىقتىن باشقا نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ئامالـ سىز باشقا ياققا كېتىشتى.

* * *

سېمىز ئايال، ھىلاي «كالۋا» نىڭ دۇكىنىدا بولغان ھالقا ئۈستىدىكى گەپ - سۆزلەرنى بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئەتراپتىكى دۇكانلارغا تارقاتتى. تىجارەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەيران بولۇشتى، بەزىلىرى ئوچۇقتىن - ئوچۇق زاڭلىق قىلىشىپ كۈلۈشتى.

— راست كالۋادە، — دەيتتى ساقاللىق تىجارەتچى خوشنا دۇكانـ دىكى ئۆزى بىلەن تەڭتۇش كىشىگە قاراپ،— كالۋا بولمىسا خېرىدارى چىقىپ تۇرغان مالنىڭ باھاسىنى سۈرۈشتۈرمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرەمدۇ؟

— شۇنى دىسىلە، — دىدى خوشنىسىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، — تىجارەت دىگەنگە ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەم بولمىسا، چاتاق.

— ئاڭلىشىمچە، بۇ ھىلاي دىگەن ئاغىنە كىچىكىدىنلا ئاشۇنداق نادان، كالۋا بىر نىمە ئىكەن، — دىدى ساقاللىق تىجارەتچى، ھىلاينىڭ دۇكىنى تەرەپكە كۆز تاشلاپ قويۇپ ۋە ئۆزىگە يېقىن دۇكانلاردىكى ئۈچ - تۆت تىجارەتچىنىڭمۇ گېپىنى قىزىقىپ تىڭشاۋاتـ قانلىقىنى كۆرۈپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھىلاي ئۇ ئون نەچچە ياش ۋاقتىدىلا ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدا قاپتۇ. بىر كۈنى ھىلاي ئۆگەي ئانىسىنىڭ سامانلىقتىن تۇخۇم ئېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ تۇخۇسى يوق بولۇپ، بۇ خوشنىسىنىڭ توخۇلىرى تۇغۇپ قويغان تۇخۇملار ئىكەن. ئەتىسى ھىلاي ماراپ تۇرۇپ، تۇخۇملارنى ئۆگەي ئانىسىدىن بۇرۇن ئېلىۋ ۋاپتۇ-دە، ئىگىسىگە ئېلىپ چىقىپ بېرىپ، ئۇنىڭ توخۇلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سامانلىقىغا كۆنۈپ قالغىنىنى ئېيتىپ قويۇپتۇ... تەييارلا كېلىۋاتقان تۇخۇملاردىن ئايرىلىپ قالغان ئۆگەي ئانا، بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ، شۇندىن كېيىن ئۇ غەزەپلىنىپ ھىلايىنى «كالۋا ...» دەپ ھاقارەتلەپ قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھىلايغا بۇ لەقەم سىڭىپ قالغانمىش...

ساقاللىق تىجارەتچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق كىشى تەنە بىلەن گەپكە ئارىلاشتى:

— ھەر نىمە دېيمىز، لېكىن ... مېنىڭچە بىزدە شۇنداقمۇ بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەملەرنى بىر ئامال قىلىپ ئالداپ، بىرەر قىلمىسا كۈنى-كۈن بولمايدۇ-دە.

ھىلاي «كالۋا» نى زاڭلىق قىلىۋاتقانلار ئۇنىڭ سۆزى بىلەن بىردىنلا جىمىپ قېلىشتى. دېمىسەمۇ، كۆپ كىشىلەر ھىلايىنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددا، ئىشچان ئادەملىكىنى كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇلار ھىلايىنىڭ بۇندىن تۆت يىل ئىلگىرى بىر شەخسىنىڭ ئاشخانىسىدا ئاشپەز بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى، مېھمانلارغا ھەممە ۋاقىتتىلا بىر خىل ئادىل-ھالال مۇئامىلە قىلىپ، ئاشخانا ئىگىسىنىڭ «خېرىدار كۆپ ۋاقىتتا بىر خىل ئاز ۋاقىتتا يەنە بىر خىل ھۆنەر ئىشلىتىپ مۇئامىلە قىلىش» تەك تەلىۋىگە ماسلاشمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئاشخانىدىن چىقىرىۋېتىل

گەنلىكىنى بىلىشەتتى. مانا، ئۈچ ـ تۆت يىلدىن بۇيان ئۇ مۇستەقىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماقتا، دەسمايە ئاز، مالمۇ كۆپ ئەمەس بولۇشۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ سودىسى ئاستا ـ ئاستا روناق تاپماقتا ئىدى. كىم بىلسۇن، قىزىقىشاندەك، تۈنۈگۈن ئۇنى بىر تەساددىپى «قارا باستى»؛ يىراقتىن كەلگەن بىر كىيسەل بوۋاينى يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇ ئۆز ئىشىنى تاشلاپ ماشىنا بېكىتىگە چىققان ئىدى. بوۋاينى ئۇزۇتۇپ، قايتىپ چىقىۋاتقىنىدا، بېكەت ئالدىدا تۇرغان بىر توپ كىشىگە كۆزى چۈشتى. قارىماي مېڭىۋەرگەن بولسىمۇ ھېچ گەپ يوق ئىكەن، ئۇ قىزىقسىنىپ توپنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى؛ ئەپچىلىكىنە قارا سومكا كۆتەرگەن بىر ياش يىگىت، بىر قولىدا يالتىراپ تۇرغان ئىككى جۈپ چىرايلىق ھالقىنى كۆرسەتكەن ھالدا كىشىلەرگە سۆزلەۋاتاتتى:

— ... بۇنىڭدىن پەقەت يۈز جۈپلا بار يېرىم سائەتتىن كېيىن مېڭىشىم كېرەك، بولمىسا بىر ـ بىردىن ساتسام خېلى پۇل قىلاتتىم، لېكىن ماشىنىغا بېلەت ئېلىپ قويۇپتىمەن... زىيان تارتساممۇ مەيلى، يۈز جۈپنى دۆڭلا ئالغۇچىغا ئون تۇققۇز يۈەندىن بېرىۋېتىمەن.

بىر قانچە كىشى ئۇنىڭغا بىر ـ ئىككى جۈپتىن سېتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشىپ كۆرۈشتى. ھەتتا، ئىككى ـ ئۈچ ياش ئايال ھالقىغا يىگىرمە ئۈچ، يىگىرمە تۆت، ھەتتا يىگىرمە بەش يۈەندىن پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپمۇ باقتى. ياش يىگىت بولسا، ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىپ قويمىدى. ھېلىقى «كالۋا» يىگىتنىڭ قولىدىكى ھالقىلارنىڭ راست ناھايىتى كۆركەم ئىشلەنگەنلىكىنى كۆردى ـ دە، تۇيۇقسىز كاللىسىدا ھالقىلارنى تەۋەككۈل قىلىپ دۆڭلا سېتىۋېلىش پىكرى ئويغاندى. ئۇيان ئويلاپ

-بۇيان ئويلاپ ئاخىر، يىگىتنىڭ يېنىغا قانداق يېقىن كېلىپ قالغىنىنى ۋە ھالقىلارنى كۆرۈپ بېتىمشقا قول ئۇزاتقانلىقىنىمۇ ئۆزى بىلمەي قالدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق نازۇك بۇيۇملار ھەققىدىكى تونۇشى تازا پىششىق ئەمەس ئىدى، ھالقىلار ئالتۇن-رەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىك قىزلىق ياقۇتلىرى يالت-يۇلت قىلىپ كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى.

ھېلاي «كالۋا» يۈز جۇپ ھالقىغا بىر مىڭ توققۇز يۈز يۈەن تۆلەپ سېتىۋالدى ۋە شۇ جايىدىلا ئۆزىدىنلا ئون بەش جۇپ ھالقا يىگىرمە يۈەندىن سېتىۋېتىلدى. بۈگۈن ئەتگەن ئۇنىڭ بىلەن دائىم مۇئامىلە قىلىپ تۇرىدىغان بىر پىشقەدەم تىجارەتچى، ھالقىلارنى كۆرۈپ، ئۇزۇنغىچە سىنچىلاپ قارىدى ۋە ئاخىرىدا بېشىنى ئىغىتىپ قويۇپ گۇمانىنى ئېيتتى.

— ھالقىلار-چىرايلىق ئىشلەنگەن، لېكىن ماتېرىياللىرى چىڭ ئەمەس، ھېلايدىن ئاخۇن بۇ سودىدا ئالدىنىپ قالغانمۇ — قانداق ؟

ھېلاي «كالۋا» ئاشۇ كىشىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، ھۆكۈمەتنىڭ توپ مال تارقىتىش شىركىتىدىن ھالقىلارنىڭ جىڭ-جالىغىنى ۋە ھەقىقىي باھاسىنى ئۇقۇشۇپ كۆرۈشكە كەتكەن ئىدى.

* * *

ئارىدىن يەنە ئىككى سائەتچە ئۆتتى.

بۇيۇنلىرىغا سومكا، رەسىم تارتىش ئاپپاراتلىرىنى ئاسقان ئەر-ئايال ئىككى چەتئەللىك، بىر خەنزۇ ئايالنىڭ ھەمرالىقىدا دۇكانلارنى ئارىلاپ، ھېلاي «كالۋا» نىڭ دۇكىنىغا كېلىپ قالدى.

— ،How bəau tiful thəy arə !... ①

چەتئەللىك ئايال، دېڭىز سۈيىدەك كۆپ-كۆك كۆزلىرىنى زوقلىنىشتىن چوڭ ئېچىپ، ھالقىلارنى كۆرسىتىپ سۆزلەپ كەتتى.

ئەرمۇ بېشىنى ئېغىتىپ، ئايالغا يەنە نىمىلەردۇر دەۋاتاتتى. سارىخان ئۇلارنىڭ نىمە دېيىشىۋاتقىنىنى ئەلۋەتتە چۈشەنمەيتتى، لېكىن ئۇ، بۇ ئىككى چەتئەللىكنىڭ قاراشلىرىدىن دەل ئاشۇ ھالقىلار ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقىنىنى پەرەز قىلدى. ئايال بارمىقى بىلەن ھالقىلارنى كۆرسىتىپ سارىخانغا بىر نىمىلەرنى دېدى.

— ئاۋۇ ھالقىلارنى كۆرۈپ باقايلى دەيدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى خەنزۇ ئايال يېقىن كېلىپ.

سارىخان تەنزە ئىچىدىن بىر جۈپ ھالقىنى ئېلىپ، ئايالنىڭ قولىغا سۇندى. ئۇ «بۇ چەتئەللىكلەر ھالقىنى ئېلىپ نىمە قىلىدۇ، كۆرسە كۆرۈپ باقمامدۇ» دەپ ئويلىغان ئىدى. كىم بىلسۇن! چەتئەللىك ئايال ھالقىلارنى ئۇ قولىدىن-بۇ قولىغا ئېلىپ، قۇلىقىغا تاقاپ بېقىپ ۋە پارقىراپ تۇرغان كىچىك سومكىسىدىن ئەپچىلگىنە ئەينەكنى چىقىرىپ كۆرۈپ باققاندىن كېيىن، يېنىدىكى ئەر بىلەن يەنە بىر نىمىلەرنى دەپ مەسلىھەتلەشتى-دە بارماقلىرىنى چىقىرىپ، سارىخانغا كۈلۈشۈپ گەپ قىلىشتى.

— ھالقىلارنىڭ باھاسىنى سوراۋاتىدۇ، — خەنزۇ ئايال سارىخانغا ئۇلارنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى، — بىر جۈپى قانچە پۇل؟

سارىخان نىمە دېيىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى. تونۇغۇن-

---

① ئىنگلىزچە — ۋاي-ۋۇي نىمە دېگەن چىرايلىق، — دېگەن مەنىدە (ئا).

دىن بۇيان ئۆزلىرىگە بىر مۇنچە ئاۋارچىلىقلارنى تېپىپ بەر-
گەن بۇ ھالقىلار ئۇستىدىكى ئەينى ئەھۋالنى بۇ چەتەللىكەرگە
ئېيتىشنىڭ ئورنى يوقتە! - نىمە دىيىش كېرەككىن - تالڭ!.
— ئارىلاشماي دىسە كىشىنىڭ كۆڭلى يەنە ئۇنىمايدىكەن. سو-
دا دىگەننىمچۇ، سارىخان، يەم بىلەنرەك قىلىدىغان ئىش.... —
دۇكان يېنىدا پەيدا بولغان سېمىز تىجارەتچى ئايال سارىخان-
غا تەنە بىلەن قاراپ قويۇپ، تەرجىمان خەنزۇ ئايالغا بۇرۇل-
دى، — ھالقىلارنىڭ جۈپى يىگىرمە بەش يۈەندىن، قېنى يول-
داش ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىڭ.
— ياق، ياق، بۇنداق باھا قويساق بولمايدۇ! — سارىخان
بىر سېمىز ئايالغا، بىر تەرجىمانغا قاراپ، خىجالەتچىلىك ئىچ-
جىدە دۇدۇقلاپ نىمە دىيىشنى بىلەلمەي قالدى.
— سىلى ئارىلاشماي تۇرۇۋەسىلە دەيمەن، — دىدى سېمىز
ئايال، ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ئالىيىپ، — سودىسىنى خەق قىد-
لىپ بېرىۋاتسىمۇ دۇدۇق-بۇدۇق قىلىدىغان ئەخمەقلەر بولىدىكىنە.
— بۇلار ئۇنى جۈپىنى بىراقلا سېتىۋالماقچى، — خەنزۇ ئا-
يال ئۇلارنىڭ نىمە دىيىشىۋاتقىنىنى چۈشەنمەي، چەتئەللىك-
لەرنىڭ مەسلىھىتىنى ئېيتتى ۋە قوشۇپ قويدى، — بۇلار ھالقى-
لارنىڭ كۆركەملىگىنى بەكلا ياختۇرۇشۇۋاتىدۇ.
— مەن ئېلىپ بېرەي! — بۇ ھىلاي «كالۋا» نىڭ ئاۋازى
ئىدى. نىمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان سارىخانمۇ،
سېمىز ئايالمۇ ئىتتىك بۇرۇلۇپ قارىدى. ئېغىر سومكا كۆتىرى-
ۋالغان ھىلاي «كالۋا»، ئەينەكلىك تەنزىنى ئېچىپ، تۇرۇقۇز
جۈپ ھالقىنى ساناپ ئالدى، — مانا قولىدىكى بىلەن ئون جۈپ
بولدى، ھەر بىرىگە ئون يۈەندىن جەمى يۈز يۈەن بەرسە
بولىدۇ. ھىلاي «كالۋا» ئايال تەرجىماننىڭ ھەيران بولۇپ

قاراپ قالغىنىنى كۆرۈپ مۇلايىملىق بىلەن ئىزاھ بەردى:

— باھادا بىر ئاز ئوقۇشماسلىق بولۇپ قالغان ئىدى، ھازىر ئېنىقلاپ كەلدىم، بۇ گەپلەرنى، ھە... بۇ مېھمانلارغا دېمىسەكمۇ بولار... ھىلاي «كالۋا» قولىدىكى ئېغىر سىرمىكىنى ئايىلىغا سۇنۇپ بەردى.

— مانا، ئانىسى، توپ مال سېتىش شىركىتىدىكىلەر ماڭا ئالدىنقى كۈنىلا يېتىپ كەلگەن مۇشۇ خىلدىكى ھالقىلاردىن ئۈچ مىڭنى سېتىپ بەردى. بىرسى توققۇز يۈەندىن ... يەنە بىر قانچە كۈن ئارتۇقراق تىجارەت قىلساقلا، زىيانمۇ تۈگەيدۇ.

— توۋا، دۇنيادا مۇنداقمۇ نادان، ئەقىلسىز ئادەملەر بولىدىكەنا، — سېمىز ئايال ئاچچىق بىلەن غۇدۇڭشۇپ، كەينىگە بۇرۇلدى، — خەق ئىككى يۈز ئەللىك يۈەننى ساناۋاتسا، يۈز يۈەن ئالىمەن دەۋاتامدۇ، ۋاي كالۋالار.

ھىلاي ئىتتىك بۇرۇلۇپ قارىدى. يەنە بىر قانچە تىجارەتچىلەر ۋە خېرىدارلار دۇكان يېنىدا قارىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق ئۇزۇن بۇرۇتلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تەۋرەندى، قىيۇق قاشلىرى ھىمىرىلىپ، كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، ئۇ كەڭ ئالقانلىرى بىلەن پىشانىسىدىكى تەرىنى سۈرتكەچ، سېمىز ئايالغا ئۇنلۇك جاۋاپ بەردى:

— سودا ئۆز يولىدا بولسا ھالال-توغرا بولىدۇ. مەن ئۇلارغا شۇنچە قىممەت باھادا سېتىپ بەرسەم، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلارنىڭ بىرسى بولمىسا بىرسى بۇ ھالقىلارنىڭ ئادەتتىكى مىستىن ياسالغانلىقىنى بىلىپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ دىگەن يېرىدە بىر ئۇيغۇر بىزنى ئالداپ-ھايانكەشلىك قىپتۇ، دېسە توغرا بولارمۇ؟ ئازراق پۇلنى دەپ ئىناۋەتنى سېتىۋېتىش-بەكمۇ ئۇياتلىق ئىشتە!.

ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ باشلىرىنى لىڭشىتتى .

ھېلىي «كالۋا» نى مازاق قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ساقاللىق تىجارەتچى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قانداقتۇ بىر كۈچلۈك، تەسىرلىك نەرسە ئۆزىنى بىردىنلا سېھىرلەپ تاشلىغاندەك، كۆزلىرىنى چەك ئېچىپ ئۇنىڭغا - نەچچە يىللاردىن بويان «كالۋا» دەپ ئاتاپ، كۆزگە ئىلماي يۈرگەن كىشىگە چوڭقۇر ھەيرانلىق ۋە ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە قاراپ قالدى...

1984 - يىل ئاۋغۇست. ئۈرۈمچى

# زۇمرەت

## ( پوۋېست )

### 1

ۋەي ـ ۋەي ! ... يەنە بىر دېگىنە، قايسى ـ قايسى نومۇرلار ئۇ؟ — ئۆمەك باشلىقى ئابدىقادىر ئاكا ھاياجاندىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تېلېفون تۇرۇبكىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋاقىراپ سورىدى.

— « ئەنجۈر ئۈزۈش » « بىر جۈپ قىزىل گۈل» ...، — تۇرۇبكىدىن قىزنىڭ شوخ، جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ھەم، ئۈچىنچىسى، « پامىر شاتلىقى » .

— ئاڭلىدىم، ئاڭلىدىم ... ھە، شۇنداق قىلىپ ئۈچ نومۇر تاللاندى، دېگىن ... — ئابدىقادىر ئاكا يەنە نىمىنىدۇ سورىماقچى بولغاندەك لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ سۆزلەشكە ئۇرۇناتتى، لېكىن ۋۇجۇدىنى ئورىۋالغان خوشاللىق ۋە ھاياجاندىن ئېسىنى يوقىتىپ، سورىماقچى بولغان سوئاللىرىنى ھېچ تاپالمايتتى.

— ۋەي، زۇمرەت! — دېدى ئۇ ئاخىرى بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ئالدىراپ سۆزلەپ، — مەن بۇ خوش خەۋەرنى ھازىرلا ئۆمەكتىكى باشقا يولداشلارغىمۇ يەتكۈزىمەن، ھازىر ساڭا دەيدىغىنىم ... ھە، ھە ... بۇ ئەلۋەتتە بارلىق كەسپداشلار ۋە تەشكىل نامىدىن، ۋەي، ئاڭلاۋاتامسەن؟ سىلەرنى چىن قەلبىمىزدىن تەبرىكلەيمىز ! ... — ئۇ يەنە نىمە دېيىشىنى بىلمەي قالغاندەك « ھە، ۋەي ! ...» دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— ئۆمەك باشلىقى، يەنە قانداق سۆز ۋە يوليورۇقلىرىڭىز بار؟ ... — قارشى تەرەپتىن قىزنىڭ تەمكىن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھە، يەنە مۇندا ق ... سىلەر دالىيەنگە قاچان ماڭماقچى؟

— تېخىچە ھاياجىنىنى باسالمايۋاتقان ئۆمەك باشلىقىنىڭ تىلىغا ئىتتىك شۇ سوئال كەلدى.

— يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ماڭىمىز.

— ياخشى، ياخشى! ... — ئۆمەك باشلىقى ئاغزىنى تېلېفون تروپكىسىغا تېخىمۇ يېقىن ئەكىلىپ سورىدى، — راسخىدىڭلاردى مەدەنىيەت نازارىتى بېرەمدىكەن؟

تروپكىدىن دەسلەپ قىزنىڭ پىخىلداپ كۈلگەن ئاۋازى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا:

— ياق، چىقىمنى ھەر بىر ئورۇن ئۆزى كۆتىرىدىكەن، ۋەي! ... جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ چىقىم قورقىتىۋەتتىمۇ-يە؟

— ياق، ياق! — ئۆمەك باشلىقى جاۋاپ بېرىشكە ئالدىرى-دى، — چىقىمنى بىز كۆتەرسەكمۇ مەيلى، بۇ، ئۆمىكىمىزنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

— ئابدىقادىر ئاكا! — چاقىردى قىز يەنە، ئۇ ئەمدى «ئۆمەك باشلىقى» دېمەيلا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاۋاتاتتى، — سىزگە چاخچاق قىلدىم، چىقىمنى مەدەنىيەت نازارىتى كۆتىرىدىكەن ...

— ھە، ھە، شۇنداقمۇ؟

— خوش بوپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ، — دېدى قىز زاڭ-لىق قىلغاندەك كۈلۈپ، — چىقىمدىن ھەجەپ قورقىسىز-ھە؟

— ھە، ياق، ياق! ... ۋەي، ئۇنداقتا سىلەرگە شەخسى خىراجەت ئۈچۈن پۇل ئەۋەتەمىز؟

— ۋاي پىخسىقەي ... ئەۋەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ.

— ياخشى، ياخشى! سىلەرگە ئاق يول، ھە، يەنە مۇۋەپ-

پەقىيەت تىلەيمەن ! ... — ئۆمەك باشلىقى جانلىنىپ ۋاقىرىدى.

تۇروپكىدىن جاۋابەن قىزنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇسۇل مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان يەككە نومۇرلارنى تاللاش كۆرىكىدە يەتتە سانىنىڭ ئۈچىنى ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىگەللىگەنلىكى توغرىسىدىكى بۇ پەۋقۇلئاددە خوشخەۋەر، ھەش - پەش دېگۈچە تېلېفون بار بۆلۈمدىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئۆمەكنىڭ ھەممە چوڭ - كىچىك ئىشخانىلىرىنىڭ ۋە رېپېتىتسىيە زاللىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ كىرىپ، ئۇ يەردىكىلەرنى خوشاللىق تەنتەنىلىرىگە چۆمدۈرۈۋەتتى؛ مۇزىكانتلار چېلىۋاتقان مۇزىكىلىرىنى توختىتىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشكەن، يۇقۇرى - تۆۋەن، بوم - زىل ئاۋازلارنى چىقىرىشىپ مەشىق قىلىۋاتقان ناخشىچىلارمۇ كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىشىپ، خوشاللىق، ھەيرانلىق ئىچىدە توختاپ قېلىشقان ئىدى.

— مانا بۇ يەنە بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيەت! — ... دېدى.

مۇزىكا رېژىسسورى ئابدۇللا قايىللىق ھېسسىياتى بىلەن بېشىنى ئىغىتىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سۆزى ئارقىلىق گويا، بۇ يەردىكى باشقا مۇزىكانتلارنىڭمۇ شۇ تاپتىكى خوشال ھېسسىياتلىرىنى يەكۈنلىگەندەك بولدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ، يەنە بىر «چوڭ مۇۋەپپەقىيەت» دېگىنىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. 1974 - يىلىدىن باشلاپ زۇمرەت ئىجات قىلغان بىر قانچە ئۇسۇل نومۇرلىرى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل چوڭ - كىچىك كۆرەكلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان ئىدى. شۇنىڭدىن سەل ئۆتۈپ ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە بىر قېتىم

چوڭ كۆلەملىك تىياتىر كۆرۈنۈشى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى كۆرەك-
كە ئۇسۇللار باللېت ئۇسۇلى بىلەن مىللىي ئۇسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن
چوڭ تىپتىكى ئۇسۇللۇق تىياتىر «پامىردا باھار» نى ئېلىپ
كېلىشتى، شۇ چاغدىكى تىياتىرنى تەييارلاش جەريانى بۇ يەردىكى
ھەممە كىشىگە ئايان ئىدى؛ سەھنە ئەسىرىنى ئۆگىنىپ چىقىش،
ئۇسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئىجات قىلىش، مۇزىكىنى ماسلاشتۇرۇش
قاتارلىق مەشغۇلاتلار ۋاقىت زىرەكلىك ۋە ناھايىتى ئۆتكۈر بول-
غان تالانتنى تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق- قىيىن ئىش ئىدى،
ۋاقىت ئاز، ئىجادىيەتچىلەر كەمچىل شارائىت ئاستىدا زۇمرەت
بۇ مۇرەككەپ مەشغۇلات ئىچىگە بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ ئويلىناتتى، ئىزلىنەتتى، ئىشلەيتتى؛ كۆز ئالدىدا ھەر
دائىم سان- ساناقسىز ھەرىكەت شەكىللىرى پىقىرايتتى. ئەنە شۇ
سان- ساناقسىز شەكىللەر ئىچىدىن ئەڭ نەپىس، ئەڭ چىرايلىق
ۋە ئەڭ مۇۋاپىق بولغانلىرىنى زىرەكلىك بىلەن تاللاپ ئالاتتى
- دە، ئالدى بىلەن ئۆزى ئىشلەپ كۆرەتتى، ئويلىغان، يۈزلىگەن
شەكىل- پىكىرلار ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر بىرىگە چىپىلىشىپ،
كۆركەم، مۇرەككەپ، ئەمما، پىشقان بىر ئۇسۇل سېستىمىسىنى
ھاسىل قىلاتتى ... تىنىمسىز، جاپالىق ئىجادى مېھنەت ئاخىر
مېۋە بەردى؛ ئۇلار شۇ قېتىمقى كۆرەكتە ئۆز كارامەتلىرىنى
نامايان قىلىپ، يۇقۇرى نەتىجىگە ئېرىشتى، زۇمرەت تەبىئى
ھالدا ئۇسۇل سېپىدىكى بىر يېڭى چولپانغا ئايلاندى ...

«راستىنلا- ھە؟ بۇ بىزنىڭ زۇمرەتنىڭ يەنە بىر
نەتىجىسىغۇ؟... سەنئەت ئۆمىگىنىڭ پېشقەدەم بوغالتىرى
ئىشخانىسىدا ئۆز- ئۆزىگە شۇنداق دەپ پىچىرلايتتى. بىردىن
ئۇنىڭ قورۇقلار باسقان چىرايىدا بىر خىل ئىللىق كۈلۈمسىرەش
پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا زۇمرەتنىڭ بۇندىن يىگىرمە

تۆت يىل بۇرۇنقى قىياپىتى گەۋدىلەندى. سەھرا قىزلىرىدەك ئۇزۇن گۆلالۇك ئىشتان، ئايىغى كەڭ، كۆكرەك پۈرمىلىك چىت كۆينەك ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن قارا چىبەرقۇتتىن جىلىتكە كىيگەن. بىر تۇتام سىپكىلەك چىچىنى كەڭ پىشانىسىگە چۈشۈرۈپ، توم قارا، ئۇزۇن چاچلىرىنى قىرىق ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈۋالغان، زىلۋا بوي، ئاق يۈزلۈك كەلگەن ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلاردىكى قىز، ئىشىك تۈۋىدە يىتىرقىغاندەك يەرگە قاراپ تۇراتتى.

— ھە، مائاشىڭىزنى ئالغىلى كىردىڭىزمۇ ؟ كېلىڭ، كېلىڭ، تارتىنماڭ قىزىم !... مانا، بۇ يەرگە ئىسمىڭىزنى يېزىپ قويسىڭىزلا پۈتىدۇ... ھە، ھە، شۇ يەرگە. بولدى، ئەمدى پۇلىڭىزنى سانىۋېلىڭ! .

مائاش جەدۋىلىدىكى ئۆز ئىسمىنىڭ ئايىغىغا ئۇيۇلۇپ قورۇنۇپ، تەسلىكتە ئىسمىنى يېزىپ قويغان قىز، بوغالتىرنىڭ « پۇلىڭىزنى سانىۋېلىڭ ! » دەپ زورلىشىغا قارىماستىن، شىرە ئۈستىدىكى ئۆزىگە تەئەللۇق تۇنجى مائاش پۇلىنى ئاستاغىنە ئالدى - دە ، قىزارغىنىچە سەلپەللا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ كەينىگە ئۆرۈلدى. چوڭ - چوڭ بۇلاقتەك كۆزلەر ۋە زىلۋا قامەتكە تولىمۇ ياراشقان سۇمبۇل چاچلار، بوغالتىرنى ئىختىيارسىز يەنە بىر قاراشقا مەجبۇر قىلدى، « خۇدا بۇ قىزغا پەرىشتەنىڭ چىرايىنى بېرىپتىكەن - دە !... » — دېدى ئۇ زوقلىنىپ.

ئاشۇ تارتىنچاق، ئۇياتچان گۈزەل سەھرا قىزى مانا، ئەمدى قانداق ئاجايىپ كارامەتلەرنى ياراتماقتا - ھە !... شۇ تاپتا ئۆمەك پارتىيە ياچېيكىسى ئىشخانىسىدا ھەيئەتلەر يىغىنى داۋام قىلىۋاتاتتى.

— يولداشلىرىمىز بۇ قېتىم ھەقىقەتەن چوڭ نەتىجىگە ئېرىشتى، — دېدى سېكرېتار، يىغىنىدىكىلەرگە بىر-بىرلەپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، — لېكىن، ئاخىرقى چوڭ ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە دالىيەندە بولىدۇ، بىز ئۆمەك نامىدىن دەرھال بىر پارچە تېلېگىرامما يوللاپ، يولداشلارنى مەغرۇرلىنىپ كەتمەي، ھەركەتنى يەنىمۇ تاكاممۇللاشتۇرۇپ، ھەل قىلغۇچ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك!

— شۇنداق قىلايلى، ئەتە ئەتىگەندىلا ئۇلارغا بۇ ھەقتە بىر تېلېگىرامما بېرىۋېتەيلى، — دېدى ئابدىقادىر ئاكامۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ.

2

دالىيەن، كەچ كىرگەن شەھەر كوچىلىرى كۈندۈزگە ئوخشاشلا يېپ-يورۇق ئىدى. ئادەملەر ۋېلسىپىت، ماشىنىلار، نۇر بىلەن بېزەلگەن ئاۋات، چوڭ يولدا ئۈزۈلمەي ئۆتۈشمەكتە. شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلىرى ئولتۇرغان ئاپتوۋۇز دالىيەن مەدەنىيەت سارىيىغا قاراپ ئۇچقاندەك ماڭماقتا. ئاپتوۋۇزنىڭ ئالدىنقى ئەينىكى يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان زۆھرەت بۇ ئاۋات، گۈزەل شەھەرنىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ كېلىۋاتقان ھەمراھلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئارىلاشماي، تىنىچقىنا-خىيالغا بېرىلگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئۈچ نومۇرنىڭ بىرسى بىرىنچى دەرىجىگە، ئىككىسى ئىككىنچى دەرىجىگە ئىگە بولۇپ، مۇكاپاتقا ئېرىشتى، زۆھرەت ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى مۇكاپىتىنى ئالدى. شىنخۇاشې، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەركىزىي

تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەلگەن مۇخبىرلار، ئوپېراتورلار بىر قانچە كۈندىن بۇيان ئارقا - ئارقىدىن ئۇلارنى زىيارەت قىلدى ۋە سۈرەتكە ئالدى.

بۈگۈن مۇسابىقە باشقۇرۇش كومىتېتى تەرىپىدىن پايتەختتىن كەلگەن بىر قىسىم رەھبەرلەرگە، بۇ يەردە بولۇۋاتقان چەتئەللىك دوستلارغا ۋە دالىيەندىكى ھەر ساھە ۋەكىللىرىگە ئاخىرقى نۆۋەت تاللانغان نومۇرلاردىن بىر مەيدان ئويۇن كۆرسىتىش بېكىتىلگەن، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئۈچ نومۇردىن باشقا، زۇمرەتنىڭ ئۆزىمۇ بىر نومۇر ئورۇنلاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجانلىق ھېسسىيات بىلەن دولقۇنلىنىۋاتاتتى. ئەمما، سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن خاتىرجەم، تەمكىن ئىدى.

تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولغان چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك تىياتىرخانا زالى.

زالنىڭ گۈل نەقىشلىك تورۇسلىرىدىكى ھېسابسىز چىراقلار تىزمىسى خۇددى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇراتتى.

ئويۇن باشلىنىش قوڭغۇرىقى چېلىندى، ئېلانچىك قىز قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئويۇن نومۇرىنى ئېلان قىلغاندا، زالدا گۈلدۈراس - ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان داڭدار ئۇسۇل ماھىرلىرى ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ، سەنئەت ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

مانا، ئېلانچىك قىز نۆۋەتتىكى نومۇرنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن سەھنە ئالدىدا پەيدا بولدى.

— مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۇسۇل ئىجادىيەتچىسى بولۇپ باھالانغان ئۇيغۇر ئۇسۇلچىسى زۇمرەت،

ئۆزى ئىجادىي رەتلەپ ئىشلىگەن داڭلىق ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلى « ئاتۇش ئۇسسۇلى » نى ئورۇنلايدۇ ! ...

زال ئىچىنى قىزغىن ئالقىش سادىسى قاپلىدى .

دۇخاۋا پەردە ئاستاغىنا دولقۇنلىنىپ ئېچىلدى ، ھەر خىل رەڭدىكى سېۋىتلىق چىراغلار سەھنە ئۈستىگە نۇر چېچىپ ، ئارقا تەرەپتىكى رەڭدار دېكوراتسىيىنى يورۇتۇپ تۇراتتى .

زۇمرەت سەھنىنىڭ بىر چېتىدىن كېپىنەكتەك لەرزان ئۇسسۇل ئوينىغىچە چىقىپ كەلدى . كۆركەم يىپەك كۆينەكنىڭ كەڭ يەڭلىرى تۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئاپپاق ، سوزۇق بىلەكلىرى ئېچىلىپ كەتتى ، بېشى تۈزلىنىپ ، قەلەم بىلەن سىزىپ قويغاندەك قاپ - قارا قىيغاچ قاشلار ئاستىدا نۇر چاقناپ تۇرغان بولاقتەك ئويناق كۆزلىرى ئۆزىگە تىكىلگەن نەچچە مىڭلىغان جۈپ كۆزلەرگە جىلۋىلىك بىر بېقىش تەقدىم قىلدى . ئاق بىلەكلەر خۇددى ئۆزىدە سۆڭەك يوقتەك دولقۇن شەكلىنى نامايان قىلاتتى . زۇمرەت لەرزان ھەركەتلەر بىلەن سەھنىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن ، بىردىن ھەركەتنى تېزلەشتۈرۈپ ، كىشىلەر كۆرۈپ ، ئېسىگە ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىغان ئاجايىپ نازۇك ، چىرايلىق شەكىللەر بىلەن سەھنىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى .

— مانا بۇ ئۇسسۇل ، مانا بۇ سەنئەت ! ... — چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان پېشقەدەم سەنئەتچىلەر كۆزلىرىنى سەھنىدىن ئۈزمەي بىر بىرىگە پىچىرلىشاتتى .

مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئاستا - ئاستا پەسەيدى . زۇمرەتمۇ ئۆز ھەركىتىنى ئاستىلاتتى . مۇزىكىنىڭ يېقىملىق ئۈنى پۈتۈنلەي توختىغاندا ، ئۇ ، تاماشىبىنلارغا قاراپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە تازىم قىلىپ ، كەينىچە مېڭىپ كىرىپ كەتتى . شۇ چاغدا زال ئىچى قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە لەرزىگە كەلدى .

## 3

زۇمرەت ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى دالىيەندىن قايتىپ كەلدى. ئۆمەك رەھبەرلىكى ئۇلارنى بىر قانچە كۈن دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. تۆت قىز، ئەتىسىلا ئاتا-ئانىلىرىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز يۇرتلىرىغا مېڭىپ كېتىشتى. زۇمرەت ئەتىگەندە ئۇلارنى ئۇزىتىۋېتىپلا ئۇدۇل مەشىق زالىغا قاراپ ماڭدى.

— ۋاي-ۋۇي، ماۋۇ ئاكتىپ ئادىشىمنى! سەن بۇگۈنلا ئىشقا چۈشىدىغان ئوخشىمامسەن؟ — مەشىق كىيىمى كىيىۋالغان ئاسىيە، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ھەيران بولغىنىچە سورىدى.

ئۆمەكتىكى ئىككى داڭلىق لەپەرچىنىڭ بىرسى بولغان بۇ شوخ، چېچەن ۋە چاخچاقچى ئايالنى زۇمرەت ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئۆزىگە قاراپ خۇددى قىزىق بىر گەپ قىلماقچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللەپ، قاپاقلىرىنى سوزۇپ تۇرغىنىنى كۆرگەن زۇمرەت ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى:

— بىر چاخچاق قىلغۇڭ كېلىۋاتىدۇ-ھە، شەيتان!

— باشلىقلار بىر قانچە كۈن دەم ئېلىڭلار دىگەندىن كېيىن سەنمۇ ئۆيۈڭدە ھېچبولمىغاندا ئىككى-ئۈچ كۈن دەم ئالساڭ بولمامدۇ؟

— ئۆيدە بىكار ئولتۇرغاندىن كۆرە، ئىشلىسەم ياخشىراق دەم ئېلىش بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— بىلدىم، ئۆيدىكى يالغۇزلۇقنىڭ ئەلەمى يامان ئىكەن دىگىنە.

زۇمرەت ئۇنىڭ بۇ سۆز ئارقىلىق نىمىگە ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى.

— بولىدى، ئۇنداق گەپنى قىلمىغىن، ياخشىسى، بىز يوق چاغدا بۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلغىنىڭلارنى سۆزلەپ بەرگىن دېدى.

— ماقۇل، يۈر، ئورۇندۇققا بارايلى، — دېدى ئاسىيە.

زالنىڭ سول تەرىپىدىكى دەرىزە تۈۋىگە ئۇزۇن بەلدىك قويۇلغان بولۇپ، زۇمرەت ئەرتىسلەرگە ھەركەت ئۆگىنىۋاتقاندا چارچاپ كەتسە، دائىم شۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ يېتەكچىلىك قىلاتتى، شۇڭا ئەرتىسلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «زۇمرەتنىڭ ئورۇندۇقى» دەپ ئاتىشاتتى. ئىككىسى بەندىڭگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— ئاداش، ساڭا دەپ بېرىدىغان بىر مۇھىم گەپ بار، دېدى ئاسىيە ئاستاغىنا پىچىرلاپ، — بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئىمىر پاختەكنى ساقچى ئىدارىسىدىن قولغا ئېلىپ كەتتى. ئاڭلىشىمچە، ئۇ سېنىڭ ئائىلەڭنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم جىنايىتىنى ئىقرار قىلغانمىش.

زۇمرەت ئىتتىك بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئېنىقراق ئېيتساڭچۇ!

ئاسىيە ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىنراق ئېلىپ كېلىپ پىچىرلىدى:

— ئۇ ... سېنىڭ نامىڭدىن بىر ساختا خەتنى يېزىپ سابىتقا بېرىپتىكەنمىش.

— بۇ راست گەپمۇ ؟

— مەن ساڭا قاچان يالغان سۆزلىگەن ؟ — ئاسىيە زۇمرەتنىڭ كۆزلىرىگە خاتىرجەم قاراپ تۇراتتى. زۇمرەت گەپ قىلمىدى، كاللىسىدا بىردىنلا بىر بىرىدىن چىگىش، بىر بىرىدىن مۇرەككەپ پىكىرلەر پەيدا بولۇپ، ئۇنى نەلەرگىدۇ ئېلىپ كېتىۋاتتى...

ئۇ شۇ ھالەتتە خىيالغىچە ھەيكەلدەك مىدىرلىماي ئولتۇردى، كېيىن خۇددى بۇ ئويلاردىن چارچاپ، زېرىككەندەك بېشىنى قاتتىق بىر سىلكىپ، مەشىق قىلىۋاتقانلارغا قارىدى. يان تەرەپ-تە ئىككى يىلەن نىمىنىدۇر پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى-سى — ئاسىيە بىلەن لەپەرگە ھەم قىزىق - قىزىق كىيىمدىيىگە چىقىدىغان مەھەممەت، يەنە بىرسى - ئۇسسۇل گۇرۇپپىسىدا «پاخپاق» دەپ نام ئالغان، سابىق گۇرۇپپا باشلىقى ئەبەي ئىدى. مەممەت ئاسىيەدىن قالمايدىغان چاخچاقچى، قىزىقچى يىگىت، ئەگەر ئاسىيە بىلەن مەممەت بىر بىرى بىلەن چاقچاق-لىشىپ قالسا، ئەتىراپىدىكىلەرنى كۈلدۈرۈپ تىنىقتۇرۇۋېتىدۇ. ۋەزىيەت قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئىتتىك بولغان ھاياتقى بىر يىللىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئادەتلىرىدىن قالمىشمىغان بۇ ئىككى قىزىقچىنىڭ شۇ چاغدىكى چوڭقۇر مەنىلىك ھەزىللىرى ۋە بېيىتلىرى ھەلىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ئىدى. زۇمرەت ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى چاخچاقلىرىنى ئەسلەپ كەتتى ...

ئىمىر پاختەك ئۆمەكنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، ئۆمەك پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بىر كۈنلەردە بىكارچىلىقتىن زېرىككەن بىر تۈپ ئەرتىسلەر مەشىق زالىغا كىرىۋېلىپ، ئۆگىنىش قىلىۋاتىمىز، دېگەن بانا بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ، ئىسسىقتا ئېزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى، بىر كۈنى بىر خىل كەيپىياتتىن بىزار بولغان ئاسىيە مەممەتكە قاراپ «توزۇك-نىرەك پاراڭنىڭ بىرالا، قىلاڭچۇ» دېگەندەك ئىشارە قىلدى، مەممەت دەرھاللا:

— خوش نەمخان، — دېدى كۈلۈپ (ئۇ ئاسىيەگە چاخچاق قىلىپ بەزىدە شۇنداق ئاتايتتى)، — ماڭا گەپ بارمىدى ؟

— ھەمىجان، — دېدى ئاسىيەمۇ شۇ ھامانلا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزىنىڭ ئاتىشى بويىچە ئاتاپ، — سىزدىمۇ خەققە نەپ بارمىدى؟

— ئاستا سۆزلەڭ، ئەتراپتا بۇرۇن بىلەن قۇلاق تولا.

— يەنە تېخى دەشنام بىلەن قىلتاق تولا.

ھەممەت ئىمىر پاختەكنى دوراپ قوللىرىنى ئىگىز كۆتىرىپ ۋاقىرىدى:

— مەن باشلىق، مەن جۇرىن! ... ھەممىسىنى شاما قىلىۋېتىمەن!

ئاسىيە دەرھال ماسلىشىپ ئىمىرنىڭ چاپارمىنىنى دورىدى:

— باشلىق بىلەن يېقىنىمەن، قېرى خوتۇن شاپتۇل يىگۈچە تىتىۋېتىمەن! ... — دەل شۇ چاغدا ئىشىكتىن كىرگەن ئىسيانچىلارنىڭ بىر چاپارمىنى قىزىقچىلارنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— يىغىن بار ئىكەن، دەرھال چىقسۇن دەيدۇ.

ھەممەت بىلەن ئاسىيەنىڭ ھەزىللىرىنى قىزىقىپ ئاڭلاۋاتقان ئەرتىسلەر غۇدۇڭشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ھەممەت بېشىنى ئىغىتىپ قويۇپ دېدى:

— ئۆمەك ئىشى، مىدى-مىدى، ئەجەپ ئىشى تۈگىمىدى.

ئاسىيە دەرھاللا ئۇنىڭغا ئىككى مىسرانى ئۇلىدى:

تۈگىمىسە-تۈگىمىسۇن.

سىڭگىمىدى-مېڭگىمىدى؟

ئەرتىسلەر ئۆزلىرىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈشتى...

زۇمرەت خىيالدىن ئۆزىگە كېلىپ، يېنىدا ئولتۇرغان ئاسىيەگە قارىدى. شۇ دەم ئۇنىڭ چىرايىدا كەمدىن-كەم كۆرۈلىدىغان بىر خىل ئويچانلىق چىقىپ تۇراتتى. زۇمرەت بىر قولى بىلەن ئۇنى بېلىدىن چىڭ قۇچاقلاپ ئۆزىگە يېقىنلاتتى.

— نېمىنى ئويلاپ كەتتىڭ، ئاداش؟

ئاسىيە ئۇلۇق كىچىك تىنىدى ۋە ئۆز خاراكتېرىغا ماس كەلمەيدىغان بىر خىل ئېغىر كەيپىياتتا قىسقىلا قىلىپ جاۋاپ بەردى:

— سېنى!

زۇمرەت ئىندىمەستىن ئۇنىڭغا قاشلىرىنى ھىمىرىپ قاراپ قويدى. شۇ كۈنى ئاسىيە كەچتە زۇمرەتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇزاق پاراڭلىشىپ چىقىپ كەتتى. پاراڭ، ئاساسەن زۇمرەتنىڭ شەخسىي ئائىلە تۇرمۇشىدا بۇنىدىن ئون يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن كېلىشمەسلىك ئۈستىدە بولۇپ، ئاسىيە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزۈنىڭچە ئاشۇ توغرىدا ئويلاپ كەتتى. زۇمرەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە، غەمگۇزار بولغان سۆيۈملۈك كىشىسى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تاشلاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئۇ ئائىلىۋى تۇرمۇش - مۇھەببەت دېگەنلەر ئۈستىدە ئىمكان قەدەر ئويلىماسلىققا تىرىشىپ كەلدى. چۈنكى، بۇ ھەقتە ئويلاش ئۇنىڭغا ھەر دائىم كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغايتتى. بىراق، بۈگۈن ئاسىيە ئۇنىڭغا ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئاسىيەنىڭ ئېيتقىنىدەك سابىت ئون يىلدىن بېرى تۇرمۇش قۇرماي كېلىۋاتاتتى، يەنە بىر ئىش ئىمىر پاختەكنىڭ ئۆز ۋاقتىدا زۇمرەتنىڭ نامىدا بىر قانچە پارچە ساختا خەتنى ياساپ سابىتقا بەرگەنلىكى ئىدى. ئەگەر ئىش راستىنلا شۇنداق بولغان بولسا، ئون يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىنىمسىز ئازاپلاپ كەلگەن چىگىش - مۇرەككەپ، سىرلىق تۈگۈن يېشىلەتتى-دە، بۇرۇنقى بەختلىك ئائىلە - شېرىن تۇرمۇشىمىز ئۆز ئىزىنى تاپقان بولاتتى...

زۇمرەت سائەتكە قارىدى. كېچە سائەت ئون بىردىن ئاشقان ئىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دالانغا چىقتى، يانىدىكى كىچىك ئاشخانا ئۆيدە ئانىسى لامپۇچكىنى ئۆچۈرمەيلا بالىلار بىلەن ئۇخلاپ قالغان ئىدى. زۇمرەت لامپۇچكىنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاستا ئۆيگە كىردى. ئانىسىنىڭ ئىككى يېنىدا ئۇنىڭ ئىككى بالىسى — ئوغلى ۋە قىزى بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ قىزى ئۆزىگە خۇددى قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇ قىزىغا مەسلىگى كەلگەندەك بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئوغلىغا قارىدى، ئوغلى ئۇنىڭ ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئۇنىڭ قويۇق قارا قاشلىرى، يۈز قۇرۇلۇشى دادىسىغا نېمە دېگەن ئوخشىغان-ھە؟ ئوھو، ئۇ تېخى ئۇخلىغاندا خۇددى دادىسىدەك ئاغزىنى سەلپەل ئېچىپ ئۇخلايدىكەن ئەمەسمۇ؟... زۇمرەت ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ شۇ كەمگىچە ئۇنىڭ بۇ ئادىتىگە دىققەت قىلمىغانلىقىغا ھەيران بولدى، ئۇ لامپۇچكىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئۆز خانىسىغا يېنىپ چىقتى-دە، يېشىنىپ ياتتى، لېكىن ئۇيقۇسى قاچقان ئىدى، ئۇ ھەر قانچە ئويلىماي دېسىمۇ كۆز ئالدىغا بىر چاغلاردا ئۆزىگە ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان بىر قىياپەت كېلىپ تۇرۇۋالدى. ھاياتىنىڭ شېرىن-تاتلىق ئەسلىمىلىرى ئاخىر ئۇنى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قايىنىمىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى...

60-يىللارنىڭ ئىيۇن ئايلىرى ئىدى، سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويۇش، تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر ئايلىق مۇددەت بىلەن A ناھىيىسىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن ئايدىڭكۆل گوڭشېسىغا چىقتى، ئۇلار كەچقۇرۇنلىرى ئويۇن قويسا، كۈندۈزلىرى ئېتىزلىقلارغا بېرىپ، ئەزالار بىلەن بىرلىكتە ئەمگەككە قاتناشتى. بىر كۈنى ئۇلارنى گوڭشېنىڭ شۇجىسى كىچىكرەك

بىر دىخانچىلىق مەيدانىغا باشلاپ كەلدى، ئەنە شۇ يەردە ئۇ تۇنجى قېتىم سابىتنى كۆردى.

— ئاھ، بۇ بىزنىڭ سابىتمۇ؟ بۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسەن، ئۇكا؟ — دېدى ئابدۇقادىر ئاكا، يۈزلىرى ئاپتاپتا قارايغان گەۋدىلىك بىر يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ۋە ئىككىسى كونا قەدىناسلاردەك قىزغىن قول ئېلىشتى.

— بىزنىڭ ئىشلىرىمىز مانا مۇشۇ! — دېدى يىگىت كۈلۈمسىرىگىنىچە، بۇغداي مايسىلىرى بۈلۈق ئۆسكەن تاختا — تاختا ئېتىزلارنى كۆزى بىلەن ئىشارە قىلىپ، — ئايدىڭ-كۆلگە باپ كېلىدىغان يۇقۇرى ھوسۇللۇق بۇغداينىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈۋاتىمىز.

— بەللى، بەللى، يارايسەن!... — دېدى ئابدۇقادىر ئاكا ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ.

ئەرتىسى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى سابىت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، قىزلار ئۇنىڭ بىلەن نېرىدىلا باش لىڭشىتىپ سالاملاشتى، ئەرتىسەر سابىتقا ئەگىشىپ، ھەر خىل تاختىلار قادالغان ئېتىزلىقلارنى ئارىلىدى، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈش-لىرىنى ئاڭلىدى. سابىت، يەر تۈزۈلۈشى، يەردىكى ھەر خىل تۇپراق قاتلاملىرى، تۈرلۈك مىنېراللىق ماددىلار، خىمىيۋى ئوغۇت، يېشىل قاشقا بىدە، يەرلىك ئۇغۇت، كېلتىۋاتسىيە...، دىگەندەك ئۇلار تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان ئاتالغۇلار بىلەن ئۆز مەشغۇلاتى ئۈستىدە ۋە تۈرلۈك ناملىرى بار بۇغداي سورتلىرى ئۈستىدە قىسقا، ئەستايىدىل سۆزلەيتتى، پەقەت «يازغى بۇغداي»، «كۈزكى بۇغداي»... دىگەندەكلا ئادەتتىكى ناملارنى بىلىدىغان زۇمرەت ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆپ سۆزلىرى يېڭى، لېكىن ئۇ، بۇ يىگىتنىڭ ئۆز مەشغۇلاتى

ئۇستىدە شىرىنچە بىرىلىپ، زوقلىنىپ سۆزلەۋاتقىنىغا، سوۋېت ئىتتىپاقى، كانادا، ئامېرىكا قاتارلىق مەملىكەتلەردىكى يېزا ئىگىلىك ئالىملىرىنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق تىپتىكى سورلارنى، قانچە قېتىم تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ ياراتقانلىقىنى قىسقا، ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىپ قۇلاق سالاتتى. «ياپ ـ ياشلا يىگىت ئىكەن، شۇنچىۋىلا كۆپ نەرسىلەرنى قەيەردىنمۇ ئۆگىنىۋالدىكىنە؟... ئېغىر ـ بېسىقلىقىنى كۆرمەمدىغان تېخى!...» زۇمرەت شۇ پىكىرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ، ئۇزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپلا قالدى. يىگىتنىڭ ئۈچىسىدا ئادەتتىكى كۆك سىيگىبىردىن تىكىلگەن ئىش كىيىمى بولۇپ، كىيىمەر تولا يېيىلىپ ئۆڭۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېگىز، بەستلىك قامىتىگە يەنىلا يارىشىپ تۇراتتى. قىزغىن سۆزلەۋاتقان يىگىتنىڭ كۆزى بىر چاغدا كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ كېلىپ، زۇمرەتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. زۇمرەت ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا يىگىت ئۇنىڭدىن كۆزىنى يۆتكەپ، سۆزىنى داۋام قىلىۋەردى.

ئۇلار خوشلىشىپ قايتىدىغان ۋاقىتتا زۇمرەتكە يىگىت يەنە بىر قېتىم باشقىچە دىققەت بىلەن قارىغاندەك بىلىندى، زۇمرەت ئۆزىنىڭ تاسادىپىي پەيدا بولغان بۇ سېزىمىدىن ياكى خاپا بولۇشنى ياكى خوش بولۇشنى بىلەلمەي بىر قانچە كۈنگىچە تىگىرقاپ يۈردى. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش زۇمرەتنىڭ كاللىسىغا ھەر قانچە زورلاپمۇ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر خىيالنى سالغان ئىدى.

كېيىن سابىت زۇمرەتنى ئىزلەپ كەلدى. زۇمرەت ھودۇقۇش ۋە خۇشاللىق تۇيغۇسى ئىچىدە سابىت بىلەن

ئۇزاق مىڭگىداشتى.

سابىت بۈگۈندىن ئىككى يېرىم يىل ئىلگىرى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن، ھازىر ۋىلايەتلىك دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ تېخنىك كادىرى ئىدى.

چىرايلىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى سابىت زۆھرەتكە ئۆز سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلدى.

ئۇلار سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ سەل يۇقۇرىراغىدىكى بىر تارماق ئېرىق بېشىدا يانمۇ - يان تىزرۇشاتتى. سۆگەتلەرنىڭ يېيىلىپ تۇرغان تاللىرى ئارىسىدىن شىڭغىشىپ چۈشۈپ تۇرغان ئاينىڭ كۈمۈش شولىسىدا، ئۆستەڭدىكى سۈزۈك سۇ ۋال - ۋۇل قىلىپ يالتىراپ، يېقىملىق شىلدىرلىماقتا، كەچنىڭ سالقىن، سۆگەت پۇرىقى ئارىلاشقان نەمخۇش ھاۋاسى تەنگە ھۇزۇر بېغىشلاپ دىماقنى غىدىقلايدۇ. زۆھرەت ھۈركۈشكە تەييار تۇرغان كېيىكتەك ئۈيۈلۈپ، يىگىتكە پات - پات يەر تېگىدىن قاراپ قويىدۇ.

سابىتچۇ؟ ئۇ ئۆز يۈرىكىنىڭ ئاجايىپ نازۇك، تىل بىلەن ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىدە تىترىگەندەك، دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى؛ قىزغا ئېيتىش ئۈچۈن بىر قانچە كۈنلەردىن بۇيان كۆڭلىدە تەكرارلاپ پىشۇرۇۋالغان سۆزلىرىنىڭ، شۇ تاپتا ئاغزىدىن چىقىرىش ئىنتايىن تەس بولغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھالدا، قىينىلىپ، ئوڭايسىزلىنىپ ئەتراپقا قارايتتى.

سەنئەت ئۆمىكى تەرەپتىن ئاكاردىئوننىڭ جاراڭلىق، يېقىملىق ئاۋازى ۋە ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىنىۋاتقان ياش يىگىت - قىزلارنىڭ شوخ ناخشىسى ئاڭلانماقتا. سابىت ناخشىدىكى:

ئايدىن ئايرىيالمايمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەندە،
ئەيمىنىپ قارالمايمەن،
قوشۇماق تۇرۇلگەندە...

دىگەن مىسرالارغا قۇلاق سېلىۋېتىپ، ئىختىيارسىز «ئۇھ» تارتىپ قويدى. زۆھرەتمۇ خۇددى ئاشۇ ناخشىلارغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك سۆگەتكە يۆلەنگىنىچە قاياققىدۇر قاراپ جىمجىت تۇراتتى.

— مەن دىمەكچىمەنكى... — دۇدۇقلاپ ئېيتىلغان تىترەڭگۈ ئاۋاز زۆھرەتنى چۆچۈتىۋەتتى، سابىتمۇ ئوڭايسىزلىنىپ يەنە بىردەم جىمىپ قالدى.

سابىتنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىنى كۆرۈپ، زۆھرەت ئۆزىنىڭمۇ قايسى ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغاندەك ئىختىيارسىز «پىخ» قىلىپ كۈلدى، سابىت ئۇنىڭ كۈلگىنىنى سېزىپ، سەل غەيرەتكە كەلگەندەك بولدى ۋە ئالدىراپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋەتتى:

— مەن... مەن... سىزنى ياخشى كۆرىمەن!

شۇ سۆز بىلەن تەڭلا زۆھرەت يېنىدىكى چوڭ سۆگەتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى يوشۇردى، ئۇنىڭ قۇلاقلىرى قىزىپ، ۋىلىڭ-ۋىلىڭ قىلىۋاتاتتى، يۈرىكى تېز-تېز سوقاتتى، ئۇ خۇشال بولۇۋاتامدۇ، قورقۇۋاتامدۇ ياكى خاپا بولۇۋاتامدۇ؟ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، پەقەت سۆگەتنىڭ غولىغا تايىنىپ تۇرغان قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، ھاياتىدا ھېچقاچان ھېس قىلمىغان يېڭى بىر تۇيغۇنىڭ قەلبىنى ئىسسىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

شۇ ئىش ئۆتۈپ، ئىككىنچى يىلىنىڭ كۈزكۈنلىرىدە ئۇلار توي قىلىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن... ئاھ، بۇلارنى ئەسلەش نېمە

دېگەن كۆڭۈللۈك يەنە نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ؟!

زۇمرەت خىيالدىن كۆزىنى ئېچىپ، ئېغىر ئۇھ تارتتى ـ دە، يەنە بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ ياتتى.

## 4

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى.

دالىيەندىكى كۆرەكتە ئالاھىدە نەتىجىگە ئېرىشكەن بىر قانچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەزىن ۋەر ئەرتىسلىرى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن بېيجىڭدا يەنە بىر قېتىم جەم بولدى. زۇمرەتمۇ ئۆزىنىڭ تۆت نەپەر ياش ئۇسسۇلچىنى ئېلىپ شىنجاڭدىن كەلگەن گۇرۇپپا تەركىۋىدە بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. دۆلەت بايرىمىنىڭ ئالدىدا ئۇلار پايتەختتىكى بىر قانچە زاۋۇت ـ كارخانىلارغا، مەكتەپلەرگە، قىسىملارغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ بەردى. بىرىنچى ئۆكتەبىرگىچە كەچتە، ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ كۆلەملىك بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە، زۇمرەتمۇ بىر قانچە قېتىم يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنلىغاندىن باشقا، ئىككى قېتىم كوللېكتىپ ئۇسسۇلغا قاتناشتى.

بۈگۈن ئىككىنچى ئۆكتەبىر، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىدىكىلەر ئۇلارغا بۈگۈنكى ئويۇننىڭ ھەر قانداق ۋاقىتلاردىكىدىنمۇ ئالاھىدە بولىدىغانلىقىنى، يەنى ئويۇنغا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك پايتەختتىكى ئاتاقلىق زاتلارنىڭ ۋە چەتئەللىك دوستلارنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئويۇننىڭ نومۇر تەرتىۋى چۈشتىن ئىلگىرىلا ھەر قايسى گۇرۇپپىلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. زۇمرەت ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭمۇ

بىر نومۇرى بارلىقىنى داليەندە ئويىنىغان «ئاتۇش ئۇسۇلى»لى بۈگۈنمۇ ئورۇنلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلدى.

كەچ سائەت يەتتە يېرىمدا ئويۇن باشلاندى.

مانا، نۆۋەت زۇمرەتنىڭ تۆت نەپەر ياش شاگىرتىغا كېلىپ قالدى.

— ھەردۇقما! — دېدى ئۇ خاتىرجەم ۋە تەبىئىي كەيپىياتتا، بىرىنچى نۆۋەتتە، سەھنىگە چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان قىزغا قاراپ، تۆت قىز ئارقا - ئارقىدىن يەككە ۋە جۈپ بولۇپ ئورۇنلايدىغان ئۈچ نومۇرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. باشقا گۇرۇپپىلار ئورۇنلىغان يەنە بەش كونسېرت نومۇرىدىن كېيىن نۆۋەت زۇمرەتكە كەلدى.

ئۇ سەھنىگە چىقتى. زال ئىچى تولىمۇ گۈزەل، ئازادە ۋە رەڭدار ئىدى. «ناخشا ئۇسۇل ماكانى» دىن كەلگەن پەرىزات، ئەنە شۇ نۇرلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئايدەك جامالىنى نامايىش قىلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

مۇزىكا يېقىملىق ۋە شوخ ئاھاڭدا جاراڭلىدى. زۇمرەت ئاھاڭنىڭ نازۇك رېتىمىغا ماسلىشىپ ئۇسۇل ئويناشقا باشلىدى.

زۇمرەت ئۇسۇلنى توختىتىپ، تاماشىبىنلارغا تازىم قىلغىنىچە، سەھنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. چاۋاكلار تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. زۇمرەت سەھنىگە قايتىپ كۆپچىلىككە يەنە بىر قېتىم تازىم قىلدى. لېكىن ئەمدىكى چاۋاكلارنىڭ تەلەپكارانە ساداسى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا باشقا نومۇرنى ئىلان قىلىش تەرەددۇتى بىلەن سەھنىگە چىقىۋاتقان ئىلانچىكىنىمۇ كەينىگە قايتۇردى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىدىن كەلگەن ئويۇنغا مەسئۇل خادىم، دەرھال پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتكەن زۇمرەتنىڭ يېنىغا كەلدى:

— شۇ تاپتا چەتئەللىك دوستلارنىڭ تەلىۋىمۇ قاتتىق بولۇۋاتىدۇ. سىز دەرھال بىرەر چەتئەل ئۇسۇلىنى ئويناپ بەرسىڭىز بولامدىكىن؟

زۇمرەت دەرھال ماقۇل بىلدى.

چاۋاكلار توختاپ، مۇزىكانتلار ئۇسۇلچىنىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى يېڭى نومۇرىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ تەييارلانغىنىچە زۇمرەت خۇددى سېھىرگەرلەردەك تېز ھەركەت بىلەن ئۆزىنى گىرىملاپ، ھىندىستان ھىكايە فىلىمىدىكى رىتانىڭ قىياپىتىگە كىرىپ بولغان ئىدى.

مۇزىكا «رىتانىڭ چۈشى» دىكى كۆرۈنۈشلەر ئىپادىلىنىدىغان ئاھاڭلارنى ئورۇنلاشقا باشلىدى. سەھنىدە «ھىندىستان قىزى» پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چېھرىدىكى ئۆزگىرىشلەر، رىتانىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلىسە، بەدەن، پۇت-قوللىرىدىكى ھەركەتلەرنىڭ تەبىئىلىكى، ھىندى ئۇسۇلىدىكى ئەنئەنىلىكنى نامايان قىلاتتى.

تاماشىبىنلار زۇمرەتنى تۆتىنچى قېتىم سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇ نىپال ۋە پاكىستان ئۇسۇللىرىنى ئورۇنلاپ بەردى. بىراق، ئاخىرقى قېتىملىق ئۇسۇلنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئۇ، ئوڭ قولىنىڭ تاساددىپى «زىڭگىدە» قىلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە بۇ قولىدىكى ئاغرىقنىڭ ھەر بىر ھەركەت قىلغاندا تېخىمۇ قاتتىق ئاغرىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. لېكىن ئۇ، ئاغرىققا پەرۋا قىلماسلىققا تىرىشىپ ئۇسۇلنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ چېكىلىرىدە مەرۋايىتتەك تەر ئۇنچىلىرى يالتىرىدى، ئۇ، پۇتۇن بەدىنىنىڭ قىزىپ، تەرلەشكە باشلىغانلىقىنى سەزگەن ھالدا ئۇسۇلنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتلەردىكىدەكلا يېقىملىق ھەم شوخ تەبەسسۇم بىلەن تاماشىبىنلارغا تازىم

قىلىپ سەھنىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتتى. ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ھېچكىممۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشىنى سەزمىدى.

— قالتىس ياخشى ئويىنىدىڭىز!

— تەبرىكلەيمىز، تەبرىكلەيمىز!

بىر قانچە كىشى ئۇنى ئارىغا ئېلىشىۋېلىپ، تەرەپ-تەرەپتىن ماختاۋاتاتتى. ئۇ ئەدەپ بىلەن كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى ئېگىپ قويدى-دە، گەپ قىلماي دەم ئېلىش زالى تەرەپكە ماڭدى. كەچتە، ياتاققا قايتقان سەنئەتچىلەر بىر-بىرلىرى بىلەن بۈگۈنكى ئويۇن تەسىراتلىرىنى پاراڭلىشىپ-ئۇزۇنغىچە ئۇخلاشمىدى. زۇمرەتنىڭمۇ ھېچ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس، ئۇنىڭ قەلبىنى كۈچلۈك ھاياجان ھېسسى ئورىۋالغان بولۇپ، بۇ ھېس ئۇنىڭ يۈرىكىنى دولقۇنلاندۇرۇپ، ۋۇجۇدىنى شاتلىق، بەختىيارلىق ۋە كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور ئىجادىيەتلەرنى يارىتىش قىزغىنلىقى بىلەن تولغان ئوي-خىياللارغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەھنىگە چىقىپ ئارتىسلەر بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىكى مەنزىرە ھېچ كەتمەيتتى. يې جەنيىڭ ۋېييۈەنجاڭ باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىردەم توختىدى. ئۇنىڭ چىرايى مۇلايىم، يېقىملىق بولۇپ، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ، زۇمرەتنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ؛ «ياخشى! يەنىمۇ تىرىشىڭ! ......» دېدى. بۇ سۆزلەر شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇراتتى... لېكىن ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ ھاياجانلىق سەزگۈلىرى ئىچىدىكى كىچىككىنە سەزگۈ، تېخىچە توختىمايۋاتقان ئۈرك بىسانگىدىكى غەلىتە

ئاغرىقنىڭ تەسىرىدىن زادى قۇتۇلالمايۋاتاتتى. «شۇنچە قاتتىق سىلكىنىپ كېتىۋىدىمكىن؟» ئاغرىقتىن زىرىككەندەك ئاستا پىچىرلاپ، ئاغرىۋاتقان بىلىكىنى قاتتىق - قاتتىق مۇجۇپ تۇتتى. بۇنداق تۇتۇش ئۇنىڭغا پەقەت بىردەملىككىنە ئارام بەرگەندەك بولىدى يۇ، لېكىن شۇ ھامان ئاۋالقىدىنمۇ بەتتەررەك ئاغرىق بىلىكىدىن تارتىپ مۈرىلىرىگىچە يامراپ، ئۇنى ئازاپلاشقا باشلىدى. ئۇ كارۋاتنى غىچىرلاتماسلىققا تىرىشىپ، ئورنىدىن ئاستاغىنا كۆتىرىلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ تەرىپى ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك، زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. ھازىر قايسى ۋاقىت بولدىكىن؟ ئۇ، ساق قولى بىلەن كارۋاتنىڭ باش تەرىپىگە قويۇلغان كىچىك بۇلۇڭ ئۈستىلدىن قول سائىتىنى ئېلىپ قارىدى. كېچە سائەت تۆتتىن سەل ئاشقان ئىدى.

سەھەر ئورنىدىن تۇرۇشقان قىزلار، كارۋاتنىڭ تۆمۈر جازىسىغا يېشىنى تىرەپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ياتقان زۆھرەتنىڭ چىرايىغا قاراپ قورقۇپ كېتىشتى. ئۇنىڭ چىرايى بىر كېچىدىلا نەچچە ئاي كېسەل ئازاۋىنى تارتقان كىشىنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

قىزلار يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، ئۇنى ئورىۋېلىشتى.

— ۋىيەي، زۆھرەت ئاچا، نېمە بولدىڭىز؟ چىرايىڭىز بۆلەكچىلىغۇ؟

— زۆھرەت ئاچا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭا!

— قەيىرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟

قىزلار كۆيۈنۈۈش، ئەنسىرەش ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇراتتى:

ئۇزۇن، قويۇق كىرپىكلەر ئاستا كۆتىرىلدى. ئۇيقۇسىزلىق ئازاۋىدىن قىزارغان بىر جۈپ كۆز شاگىرتلىرىغا تىكىلدى.

— ھېچ ... بىلەلمىدىم ... ئوڭ قولۇم ... ئاخشامدىن ...
بېرى ... — پىچىرلاپ ئاران سۆزلىدى ئۇ.

— دوختۇر چاقىرايلى! دېيىشتى قىزلار ئالدىرىشىپ.

— شۇنداق قىلايلى، مەن چاقىراي! — پەرىدە شۇ گەپنى دەپلا سىرتقا ماڭدى.

— توختا، ئالدىرىمىغىن! — دېدى زۇمرەت ئاستا، مۇلا-يىم ئاۋاز بىلەن، — دوختۇرنى چاقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئاغرىق خېلى پەسىيىپ قالدى.

قىزلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر-بىرىگە قارىشىپ قېلىشتى. ياتاق ئىچى جىمجىتلىققا چۆككەن ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنى زۇمرەتنىڭ ئۆزى بۇزدى:

— نېمىشقا جىم تۇرۇسىلەر؟ يۈز-كۆزۈڭلارنى يۇيۇپ تاماققا بېرىۋېرىڭلار!

شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىدىن ئۇلارغا مەسئۇل بولىۋاتقان ۋې پەيلىلىك كىشى كىرىپ كەلدى.

— ھەممىڭلار ياتاقتا ئىكەنسىلەر، — دېدى ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن، — سىلەرگە مۇشۇ يەردىلا ئۇقتۇرۇۋېتەيلى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى سىلەرنى بىر ھەپتىلىك ئېكىسكۇرسىيىگە ئورۇنلاشتۇردى، شۇڭا بىز ... — ئۇ بىردىن سۆزىنى توختى-تىپ، غەمكىنلىك بىلەن تۇرۇپ قېلىشقان قىزلارغا ۋە تېخى-چىلا ئورنىدىن تۇرمىغان زۇمرەتنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرا-يىغا قاراپ قالدى.

— نېمە بولدى، يولداش زۇمرەت، سىز نېمە بولدىڭىز؟ - دېدى ئۇ ئالدىراپ ۋە زۇمرەتكە يېقىنراق كەلدى.

— بىلمىدىم ... ئاخشام ... ئاخىرقى نومۇرنى ئورۇنلاۋات-قىنىمدا تۇيۇقسىزلا ... زۇمرەت بولغان ئىشنى قىسقىچىلا

سۆزلەپ بەردى.

— ھەي، سىزنى قاراڭ! — دېدى لاۋۋېي ئەنسىرەپ، — كېسەللىك دېگەنگە سەل قارىسا بولامدۇ؟ ئاخشاملا ماڭا ئېيتسىڭىز بولماسمىتى؟ — ئۇ، «سىلەر بولساڭلارمۇ خەۋەر قىلالماسلار بولماسمىدى» دېگەندەك قىلىپ مەڭدەپ تۇرۇشقان قىزلارغا قاراپ قويدى.

— بىزمۇ ھازىرلا بىلدۇق، — دېدى لەيلى، يىغلىۋەتكىدەك بولۇپ.

— مەن ھازىرلا سىزنى دوختۇرغا ئېلىپ بارىمەن، سىلەر قىزلار، ئېكىسكۈرسىيىگە تەييارلىنىۋېرىڭلار! ... دېدى ئۇ، ۋە ئالدىراپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

# 5

زۇمرەت كېسەل كۆرۈش بۆلۈمىدە ئىككى سائەتتىن ئارتۇق تەكشۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەسئۇل دوختۇر، ئۇنىڭغا بالنىستا يېتىپ داۋالىنىش لازىملىقىنى ئېيتتى.

— بالنىستا ياتامدىم؟ — ئۇنىڭ كىرپىكلىرى لىپىلداپ، يوغان كۆزلىرى ئىشەنمەسلىك، ھەيرانلىق بىلەن دوختۇرغا تىكىلدى.

— مۇشۇنداق ... ساپ - ساق تۇرۇپلا - ھە؟!

— داۋالىنىشىڭىز لازىم، — دېدى دوختۇر جىددى تەلەپپۇزدا زۇمرەتنىڭ يېنىدا تۇرغان لاۋۋېيغا بالنىستقا ئېلىش ھەققىدىكى قەغەزنى ئۇزاتتى، — ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىڭ!

لاۋۋېي ھەممە رەسمىيەتلەرنى ئۆتتى. زۇمرەت ئۆزى ياتىدىغان كېسەللەر ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىزگە ئېيتمىدىمۇ مېنىڭ كېسىلىم زادى نېمىكەن؟

لاۋۇپې قوللىرىنى ئىككى يانغا يېيىپ، خۇددى ئادەتتىكى بىر ئەرزىمەس ئاغرىق ئۈستىدە سۆزلىگەندەك كۈلۈپ جاۋاپ بەردى:

— ھەي ... دوختۇر دېگەن شۇنداق ئىنچىكىلەپ كېتىدىكەن. دېسەم - دېمىسەم ئادەتتىكى بىر سۆڭەك كېسىلى - دەڭا.

— بالنىستتا ياتمايلا داۋالانسام بولاتتى؟ — دېدى زۇمرەت يەنە.

— مېنىڭچە ... مەيلى، بىر قانچە كۈن يېتىپ داۋالانمامسىز؟ — دېدى لاۋۇپې. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زۇمرەتنىڭ يەنە باشقا گەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا، بۇ دوختۇرخانىنىڭ ھەملىكەت بويىچە ئەڭ داڭلىق دوختۇرخانا ئىكەنلىكى، دوختۇرلارنىڭ سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى يۇقۇرى ئىكەنلىكى قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى.

شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەن، بىر ئەتىگەنلىكى يەتتە - سەككىز دوختۇر زۇمرەت ياتقان ياتاققا كىرىپ كەلدى. دوختۇرلارنىڭ ئىچىدىكى ئىگىز بويلۇق، چاچلىرى قاردەك ئاقارغان كۆز ئەينەكلىك كىشىگە، باشقا دوختۇرلارنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقىغا، زۇمرەت دىققەت قىلدى. دوختۇرلار دەرىزىگە يېقىن كارۋاتتا ياتقان كېسەلنى تەكشۈرۈۋاتقاندا زۇمرەت ئۆزىگە يېقىن كارۋاتتا ياتقان كېسەلدىن ئەھۋال سورىدى:

— ئاۋۇ ئاق چاچلىق كىشى كىم بولىدۇ؟

— تاڭ پروفېسسور، مەشھۇر تاشقى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى!

نۆۋەت زۇمرەتكە كەلدى.

بۇ پالاتىغا مەسئۇل جاڭ دوختۇر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچىلا تونۇشتۇردى. خەنزۇ تىلىنى خېلىلا بىلىدىغان

زۇمرەت نەمىشقىدۇر شۇنچە دىققەت قىلىپمۇ ئۆزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئۈستىدىكى دوختۇرنىڭ گەپلىرىگە زادىلا چۈشىنەلمىدى، كېسەل تارىخى يېزىلغان قەغەزگە دىققەت بىلەن قاراۋاتقان پروفېسسورنىڭ كۆزى گىراپىدىكى «زۇمرەت» دېگەن ئىسىمغا چۈشكەندە ئۇ كۆز ئەينىكىنى كۆتىرىپ ئوڭشاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا بىردەم دىققەت بىلەن تىكىلىپ قاردى.

— سىز بۇرۇن قانداق كېسەللەر بىلەن ئاغرىغان؟ — پروفېسسور خاتىرىدىن كۆزىنى ئېلىپ زۇمرەتتىن سورىدى.

زۇمرەت ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە ئەستە قالغۇدەك بىرەر كېسەلگە ئۇچرىمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— قول، مۈرىڭىزدە بۇرۇن ئاغرىش ياكى قاتتىقراق تېلىپ ئاغرىش كۆرۈنگەنمۇ؟

— ياق! — دېدى زۇمرەت بېشىنى چايقاپ. ئەتراپتىكى دوختۇرلار پروفېسسورنىڭ چىرايىغا قاراشتى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچنېمىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاخىر پروفېسسور جاڭ دوختۇر تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە جىددى تەلەپپۇزدا ئىنگلىزچە:

— قايتىدىن كوللېكتىپ دىئاگنوز قويايلى، — دېدى.

## 6

بالنىستا يېتىش زۇمرەت ئۈچۈن تولىمۇ زېرىككەرلىك ئىدى. پات-پات كېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇرىدىغان شاگىرتلىرى ھەپتە ئىلگىرى شىنجاڭغا كېتىپ قالغان. زۇمرەت تەشكىلىنىڭ ئۆزىگە قاراشقا ئادەم قالدۇرۇش پىكرىگە قوشۇلمىغان ئىدى.

— «بىر بىكارچى مېڭىنى بىكار قىپتۇ» دېگەندەك، ئۆزەمنىڭ بىكارچى بولۇپ قالغىنىم يەتمەي، يەنە باشقىلارنى ئاۋارە قىلامدىمەن؟ — دېگەن ئىدى. ئۇ ئۆزلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن مەسئۇل يولداشقا قەتئىيلىك بىلەن، دوختۇرخانىنىڭ پىكىرىمۇ زۇمرەتنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ چىقتى؛ بۇ يەردىكى دوختۇر، سېستىرالار ئۇنىڭ ھەممە ئىشىغا ئەستايىدىل مەسئۇل بولىدۇ، قىيىنچىلىق تارتىپ قالامدىكىن، دەپ ئەنسىرەش ھاجەتسىز.

تاڭ پروفېسسور بىلەن جاڭ دوختۇر زۇمرەتكە مەسئۇل بولۇپ كەلگەن كىشى بىلەن خالى بۆلۈمدە ئۇزاق سۆزلەشتى. بۇ سۆزلىشىشنىڭ مەزمۇنىدىن زۇمرەتمۇ ئۇنىڭ شاگىرتلىرىمۇ خەۋەر تاپمىدى.

كۈنلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆتمەكتە.

زۇمرەت دوختۇرلارنىڭ چەكلىشىگە قارىماي ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، ياتاقنى تازىلايتتى. يېقىملىق ئاھاڭلارغا غىڭشىپ، قوللىرىنى ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يېڭى ئۇسۇل شەكىللىرىنى ئويلاپ چىقىشقا تىرىشاتتى. ئۇ بۇرۇنقىدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ئىشلەشكە كىرىشكەن، لېكىن كۆرەك مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان چوڭ تىپتىكى ئۇسۇل «كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش» نى ئىشلەش قارارىغا كەلگەن ئىدى. لېكىن بۇ يەردە ئۇنى رەپىتىس قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ كاراۋاتتا يېتىپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ (سىرتتىن قارىغان كىشى ئەلۋەتتە ئۇنى ئۇخلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى) ھەرىكەت شەكىللىرىنى ئويلىناتتى. ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا يەنە بىر زۇمرەت پەيدا بولۇپ، يېڭى ئۇسۇل شەكىللىرىنى ئورۇنلايتتى. بىردىن ئۇنىڭ ئۈگە - ئۈگىلىرى ئاغرىپ، بېشى ئايلىنىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ ئاستا

ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. بالكوننىڭ سېمونت گىرۋىكىگە جەينەكلىرىنى قويۇپ، پەستىكى دوختۇرخانا بېغىنىڭ قويۇق، يېشىل دەرەخزارلىقىغا، چىمەنلىكلەر بىلەن ئورالغان، خىشلىق يوللار، كۈمۈشرەڭ سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان يۇمۇلاق كۆلچەكلەردىكى كىشىنى مەيلىها قىلغۇچى گۈزەل كۆرۈنۈشلەرگە قارىدى، ئەنە، ئاق خالات كىيگەن سېستىرا، مەخسۇس قول ھارۋىسىدا، يوللۇق رەختتىن كېسەللەر كىيىمىنى كىيگەن بىر كىشىنى ئېلىپ ساياھەت قىلدۇرماقتا، ئېھتىمال، كېسەل دەسسىيەلمىسە كېرەك... ئەنە، يەنە بىرى قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ، بىر پۇتى بىلەن ئاستا ئاقساپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىپتىكەن-دە!

ئەنە، يەنە بىرى، ئاۋۇ يەردىكى بەندىڭلەردە ئولتۇرغانلارچۇ، تېخى... ۋاي-ۋۇي، نىمانچە كۆپ كېسەللەر بۇ؟!...

ئۇ كېسەللەردىن كۆزىنى ئېلىپ كۆكۈرۈپ تۇرغان دەرەخزار-لىقلارغا، چىمەنلىكلەرگە قارىدى، بىردىن ئۆز ۋۇجۇدىدا بىر خىل خۇشاللىققا ئوخشاپ كېتىدىغان يېنىك تۈيغۇنى سەزدى. «مەن ماڭالايمەن، كۆرەلەيمەن، پىكىر قىلالايمەن ئىشلىيەلەي-مەن، ھەمما ئەزالىرىم ئۆز ئورنىدا ساق، ساغلاملىق نىمە دې-گەن بەخت-ھە!؟... كونىلار ساغلاملىق پادىشالىق دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن-دە! — لېكىن، مەندىمۇ كېسەل بار، بۇ زادى نىمە كېسەللىكىنە؟ (سۆڭەك ئاغرىقى) — دوختۇرلار شۇنداق دەۋاتامدۇ؟ مەن ئەرتىسمەن، شۇڭا مېنىڭ سۆڭەكلىرىم ساق بولۇشى كېرەك! بولمىسا مەن قانداق ئۇسۇل ئوينالايمەن؟... توغرا، دوختۇرلار مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇل نومۇر-لىرىنى ئىجات قىلىشىم، جەمىيەتكە تېخىمۇ كۆپرەك تۆھپىلەرنى قوشۇشۇم ئۈچۈن ماڭا ئالايىتەن ئېتىۋار بېرىۋاتىدۇ...مەنچۇ؟ مەن بۇنى بىلىشىم كېرەك!»

زۇمرەت ئويلىغانسېرى ئىلھاملىنىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كاللى-سىدىن ئۆز كېسىلى ھەققىدىكى كۆڭۈلسىز خىياللار يوقىلىپ، ئۇنى ئۆزى ئىجاد قىلىۋاتقان ئۇسۇل ھەققىدىكى پىكىر ئىگەللىدى.

## 7

زۇمرەت ئۆزىگە لازىملىق بىر نەرسىنى ئىزدەپ، سەپەر چامە-دانىنى ئاختۇرۇۋاتاتتى. قولى چامداننىڭ تېگىدە رەختكە ئورال-غان قاتتىقراق بىر نەرسىگە تەگدى. «بۇ نېمىدى؟ ...ھە، راست كۈندىلىك خاتىرە ئەمەسمۇ؟» ئۇ يىپ-يېڭى ناۋاترەڭ يىپەك ياغلىققا ئورالغان خاتىرىنى كىيىملىرىنىڭ ئاستىدىن ئاۋايلاپ چىقاردى. ياغلىقنى ئېچىپ، خاتىرىنىڭ ئۈستىدىكى «كۈندىلىك خا-تىرە» دېگەن خەتلەرگە قاراپ بىر مىنۇتچە تۇردى. ئاھ، بۇ خا-تىرە ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن-نۇرغۇن مۇھىم ئىشلارغا گۇۋا ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭدا يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ بې-سىپ ئۆتكەن تۈرلۈك ئەگرى-توقاي يوللار، ئۇنىڭ يۈرەك تار-لىرىنى چېكىندىغان خۇشاللىق-قايغۇ، مۇھەببەت-نەپرەت، مۇۋاپپە-قىيەت-مەغلۇبىيەت ... سەرگۈزەشتىسى خاتىرىلەنگەن.

زۇمرەت خاتىرىنى يېپىپ قويۇپ ئويغا چۆكتى:

... يارىشىملىق كۆلرەڭ پوپايكا كىيگەن، يالاڭباش، ئېگىز بويلۇق يىگىت پىيالىغا چاي قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. زۇمرەت بۆشۈكتىكى بوۋاقنى ئېمىتىۋاتاتتى.

— سىز ئىچىۋېرىڭ، مەن ھېلىراق ئىچەي، — دېدى زۇمرەت.

ئېلېكتىر لامپىسىنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا يىگىتنىڭ قارا بۇدرە چاچلىرى پارقىراپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ سۆيۈملۈك يولدىشى سا-

بىت ئىدى. سابىت بىر پىيالە چاينى ئىچىپ بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم چاي قۇيۇشقا ئورنىدىن تۇرغاندا، زۆمرەت ئۇنىڭدىن پەس ئاۋازدا سورىدى:

— كېچىكىپ كەلدىڭىزغۇ؟

— ئىدارىدە يىغىن ئېچىلىپ، كەچرەك قايتقانىدىم، — دېدى سابىت، — يولدا، سىلەرنىڭ ھېلىقى ئەبەيگە ئۇچراپ قېلىپ، تەستىمۇ قۇتۇلدۇم دېگىنە.

— ئۇ يەنە ئېچىۋاپتىكەنمۇ؟

— ئىچكەندىمۇ، راسا ئېچىپتۇ-دە، بايقۇش، — دېدى سابىت كۈلۈمسىرەپ، — مېنى كۆرۈپلا ئاغزىنى قويىۋەتتى.

— راسا پۇ ئېتىپ بەرگەندۇ، تايىنلىق؟

— پومۇ بار، باشقا گېپىمۇ بار.

— باشقا نېمە گەپكەن ئۇ؟

— چېيىڭنى ئىچ، سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى سابىت ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — ئوھوي، ئۇنىڭ قورسىقىدا كۆپ دەردى بار ئىكەن، دېگىنە.

— قانداق دەرتكەن؟

— دەرت سەندىن كەلگەن ئوخشايدۇ.

— مەندىن؟!

— ھە! ... — دېدى سابىت كۈلۈپ قويۇپ، — بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ناخشا-ئۇسۇل گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىقىدىن ئېلىنىپ كېتىشىگە سەن سەۋەبچى بوپسەن، ئىككىنچىدىن، رېژىسسورلۇق ھوقۇقىنى تارتىۋاپسەن، ئۈچىنچىدىن، ئۆمەكتىكى ئابرويىنى يەرگە ئۇرۇپسەن.

— تۆتىنچىسىمۇ باردۇ، تايىنلىق، — زۆمرەت تەنە بىلەن سورىدى. سابىت خۇددى ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولغاندەك، قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— بار ئىكەن، ئىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپسەن.
— يىرىق گەپنى قىلماڭ! — دېدى زۇمرەت ئاچچىقلاپ.
— ھە، ھە، بۇ نېمىنى چاخچاق قىلىپ دەپ قىلىدۇم. لېكىن، راستىنلا ئەبەي چىرايلىق سەندىن كۆڭۈل ئاغرىقى چوڭ ئىكەن.
— مەن قانداق قىلاتتىم؟ — دېدى زۇمرەت قاش - قاپاقلىرىنى سوزۇپ، — كىم ئىرنى ئەسكى ئىشلارنى قىلسىرۇن، دەپتۇ؟
زۇمرەت ئادەتتە ئۆمەكتىكى ئىگىز - پەس ئىشلار ئۈستىدە سابىتقا سۆزلەپ يۈرمەيتتى. ئىنىڭ ئەبەي ھەققىدە يىرىك دېيىشىغا پارلاق قىلىشىنى تېخىمۇ خالىمايتتى، ئەمما بۇگۈن ئەبەي سابىتقا شىكايەت قىلغان ئىكەن، زۇمرەت بۇ ھەقتىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمىسە بولامدۇ؟
زۇمرەت چاي ئىچكەچ، ئەبەيگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلار ئۈستىدە سابىتقا ھېكايە قىلىپ بەردى.
ئالدىنقى يىلى ئۆمەك رەھبەرلىكى، ئەبەينىڭ كونسىلغىنى ۋە بىر ئاز تەجرىبىسى بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ناخشا - ئۇسسۇل گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، زۇمرەتنى ئىجادىيەتچى ۋە رېژىسسورلۇققا تەيىنلىگەن ئىدى. شۇ يىلى ئۇ ئەمگەك ۋە ئەمگەكچى ئۇشباشلا باھار بايرىمى يېتىپ كېلىش ھارپىسىدا ھەر يىلدىكىگە ئوخشاشلا بىر قانچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ھەر قايسى چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىغا بېرىپ، چېگرىدىكى جەڭچىلەردىن ھال سوراشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. شۇ چاغدا ناخشا - ئۇسسۇل مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرى كېچىنى - كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، ئالدىراش يېڭى نومۇرلارنى ئىشلەپ چىقتى. بىر كۈنى كەچتە زۇمرەت ئالدىنقى كۈنلىرى ئۆزى ئىجات قىلغان بەش كىچىك ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرىنىڭ رېپېتىس قىلىنىش مەشغۇلاتىغا يېتەكچىلىك قىلىشىۋېتىپ، ئارىدىكى ئون مىنۇتلۇق دەم ئېلىش ۋاقتىدا، ئۇس-

سۇزلۇق ئۈچۈپلىش ئۈچۈن ئۆيگە چىقتى. ئۆيگە كىرىپ چىقىۋاتـ
قاندىمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدا مەشق قىلىنىۋاتقان نىمۇرلارنىڭ تۈر-
لۈك شەكىللىرى پىقىرىماقتا ئىدى. ز ل بىلەن ئائىلىكەر قورا-
سىنى ئايرىپ تۇرغان تامنى ياقىلاپ كېلىۋاتقان زۇمرەتنىڭ قۇلى-
قىغا تام ئارقىسىدىن بىر ۋلارنىڭ مەسەرچە ۋاقىراشلىرى، قوپال-
ھايىسىز تىللاشلىرى ئىگىلاندى. زۇمرەت ئۇلارغا دۇققۇرۇشۇپ قې-
لىشتىن ئەنسىرەپ تىرختاپ قالدى.

بىلمىسەن؟ مەن دىگەن يەنىلا باش زۇجاڭ، زۇمرەتتەك
بىر نىمىسەرنىڭ تېزگىنى يەنە ئاكاڭ قارىغاينىڭ قولىدا،
— دەيتتى بىرسى ۋاقىراپ. زۇمرەت ئۇنىڭ ئەبەي ئىكەنلى-
گىنى بىلدى. ئارقىدىنلا زۇمرەتنىڭ شەنىگە قارىتىلغان ھاقارەت-
لىك تىللاش ئاڭلاندى.

— ئەبەيكا، سىر ـ زە، زۇمرەت ئاچامنى ئالالماي، راستىنلا
سەۋدايى بولۇپ قاپسىز، جۇمۇ! — بىرسىنىڭ دەي ـ دەيگە
سالغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىمنى دەيسەنۇي؟ ئاكاڭ قارىغاي ياراتسا تەگمەمدۇ؟

— تېخى مۇنداق دەڭ؟ — بىرسى زاڭلىق قىلغاندەك، پىـ
خىلداپ كولدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. مەن بىر ئىشنى قىلاي دىسەم قېرى
خوتۇن شاپتۇل يىگۇچە .... بىر باشقا ئىلىپ چىقىمەن.

— ئەبەيكا، ئاستىراق گەپ قىلىڭ دەيمەن، ھېلى بىرسى
ئاڭلاپ قالسا، سەت بولىدۇ. — يەنە بىر ناتونۇش يىگىتنىڭ
ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نىمىدى؟ سەت بولىدۇ، دەمسەن؟ ھۇ، تورخۇ يۈرەك،
ئاكاڭ كىم؟ بىلەمسەن؟ — ئەبەي غەزەپ بىلەن ئەزۋەيلەپ
ۋاقىراشقا باشلىدى، — ئۇنىڭ ئىجات قىلغانلىرىنى قېرى خوتۇن

شاپتۇل يىگۈچە... بەش يېشىمدا سول پۇتۇم بىلەن ئىجات قىلالىۋېتىمەن. جۇمۇ! ئۆمەكتىكى قاپاقباش باشلىقلار مېنىڭ قەدىرىمنى بىلمەيدۇ — دە...

— يۈرۈڭ، ياتىدىغانغا ئاپىرىپ قويايلى، — دېدى ئالدىدا گەپ قىلغان بىرسى.

— نېرى تۇرۇش، ئۆزەم ماڭىمەن.

زۇمرەت يا ئالغا ماڭالمىدى، يا ئارقىغا قايتالمىدى بىلەلمەي ئىشىك نەدا قېتىپ تۇراتتى. يۈرىكى تېز - تېز گۈپۈلدەيتتى. ئۇ لەۋلىرىنى يۇرۇپ، ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. مەستلەرنىڭ قەدەم ئاۋازلىرى يىراقلىشىۋاندىلا ئۇ ئورنىدىن قوزغالدى.

بىر كۈنى كەچتىكى رېپېتىتسىيىدە بىر قىز سەۋەپسىزلا چىقمىدى. ئىنتىزامنى چىڭ تۇتىدىغان زۇمرەتنىڭ دەرھاللا ئاچچىقى كەلدى.

— مەيلى، لېكىن ئەيىبىدىن رۇخسەت سورىغان بولسىچۇ، — دېگەن بىر ئويى بىلەن ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. يېرىم سائەتچە ئۆتتى. ئەيمۇ كەلمىدى، زۇمرەتنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنى بويىچە ھەر كىم ئۆز ھەركىتىنى بىرلىپ پىششىقلاۋاتاتتى. زۇمرەت ئاستىلا زالدىن چىقىپ قىزلار ياتىقى تەرەپكە ماڭدى، ھېلىقى قىزنىڭ ياتىقىدا چىراق يېنىقلىق ئىدى. زۇمرەت دەرىزە يېنىغا يېقىنلاپ كېلىشىگە ياتاق ئىچىدىن قىزنىڭ غەزەپلىك ۋاقىرىشى ئاڭلاندى:

— ياتاقتىن چىقامسەن يوق؟

— ئەخمەق، ساراڭلىق قىلما دەيمەن قېرى خوتۇن شاپتۇل يىگۈچىلا ... بۇ ئەيىبنىڭ ئۈنى ئىدى.

— يوقال كۆزۈمدىن! — قىز تېخىمۇ قاتتىق ۋاقىرىدى.

— ئاستىراق، گۈزەل قىز.

«يەنە ھەس ئىكەن - دە!...» نەپرەت بىلەن ئويلىدى زۇمرەت ۋە شۇ ھامان ئارقىسىدىن ئاڭلانغان قەدەم ئاۋازىدىن چۆچۈپ،

بۇرۇلۇپ قارىدى، بۇ ئۆمەك باشلىغى ئىدى، ئۇ گەپ قىلماستىن زۆمرەتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ياتاق ئىچىگە قارىدى.

— ھەۋ، نومۇسنى بىلمەيدىغان شاللاق! — ئۆمەك باشلىغى ئۆزىنى تۇتالماي تىللىغىنىچە ياتاق ئىشىگىنى ئىتتەردى...

— شۇنىڭدىن كېيىن، دېدى زۆمرەت ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تەشكىل ئۇنى گۇرۇپپا باشلىقلىغىدىنمۇ، ماتاۋىن رېژىسورلۇقتىنمۇ ئېلىپ تاشلاپ، سەھنىدە قالدۇرغان، يېقىندىن بۇيان خېلى جىمىپ قالغاندەك قىلىۋىدى، بۈگۈن كېچە يەنە قوزغىلىپتۇ-دە!

— مۇنداق دېگىن ... — دېدى سابىت ئويچانلىق بىلەن ئايالىغا تىكىلىپ.

ئۇلار بىر ھازاغىچە بىر بىرىگە قارىشىپ سۆزسىز ئولتۇرۇپ قېلىشتى ...

زۆمرەت خىيالدىن ئويغىنىپ، بېشىنى كۆتەردى، گارۋاتنىڭ تۆمۈر گىرۋىگىگە بېشىنى قويۇپ باياتىن ئويلىغان ئىشلاردىن كۆڭلى ئېزىلگەندەك بولۇپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

## 8

تاق، تاق، تاق...
پويىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ياتاقلىق ۋاگوننىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە، دەرىزە يېنىدا ئولتۇرغاق زۆمرەت، يول بويلىرىدىكى كۆزگە چۈشكەن ھەر بىر نەرسىگە: دەل-دەرەخلەر، ئېتىز-ئېرىقلار، ھەرخىل ئىمارەتلەر، ھەر خىل قۇرۇلۇشلار ۋە ئادەملەرگە زوقمەنلىك بىلەن سەپىلىپ قارايتتى.

بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇ، دوختۇرخانىدىن چىققان

ئىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا: «سىزنىڭ كېسەلىڭىز ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئاستا خاراكتېرلىق سۆڭەك ئاغرىقى» دېيىشتى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان ۋاقتىدا، دوختۇرلار ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى تاپىلىدى: قىسقىسى، ئۇ تۇرمۇشتا كۆپ نەرسىلەرگە دىققەت قىلىشى، ياخشى ئوزۇقلىنىشى، ۋاقتى - ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ تۇرۇشى، ئېغىر ئىش قىلماسلىقى، كېسەللىك ھەققىدە ئويلىماسلىقى لازىم ئىدى.

پەۋىزنىڭ بىر خىل رىتىملىق ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ، زۆھرەت ھامان ئويلايتتى، «مەن ئەۋلاتلىرىم ئۈچۈن، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگىدەك بىرەر ئىش قىلالىغانمىدىمەنمۇ؟ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇسۇل ئوينىدىم ... ۋاي ئانامەي، قىلغىنىم ئاران شۇ بىر ئىشمۇ؟» زۆھرەت ئۆزىنى ئۆزى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈمسىرىدى. لېكىن ھايال ئۆتمەيلا ئۇنىڭ لەۋلىرىدىكى كۈلكە يوقىلىپ، ئۇنىڭ چىرايىنى بىر خىل جىددىيلىك ۋە ئويچانلىق ئىگەللىدى. كۆز ئالدىدا، ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن شەھەرلەر، يېزىلار، يايلاقلار، ئاۋۇللار، چېگرا پونكىتلىرى گەۋدىلىنىپ، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان دېخان، چارۋىچىلار، ئىشچىلار، كادىرلار، ئازاتلىق ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خوشاللىق رازىمەنلىك يېغىپ تۇرغان چىرايلىرى نامايان بولدى. ياق! ئۇ ئۇسۇلنى ئۆزى ئۈچۈنلا ئوينىمىدى. مۇنداقلا ئېيتماققا ئوڭاي بۇ ئۇسۇلنى ئۇ باشقىلار ئۈچۈن كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن ئوينىدى. ئۇسۇلدىن ئىبارەت بۇ ئاددى ئاتالغۇنىڭ ئىچىدە قانچىلىك چوڭقۇر، قانچىلىك ئۇلۇغ مەنىلەر بارلىقىنى، سەنئەتتىن ئازراقلا خەۋىرى بولغان ھەر قانداق كىشى چۈشىنىدىغۇ! ئۇيغۇر خەلقى ناخشا - ئۇسۇلغا ئامراق خەلق. قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت-

نەپرەتلىرىنى خاپىلىق - خۇشاللىقلىرىنى، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل كەڭ قوساق خۇش چاخچاقلىقتەك ئالىجاناپ خىسلەتلىرىنى، ئەنە شۇ ئۇسۇل ناخشىلىرى بىلەن ئىپادىلەپ كەلمىدىمۇ!؟ زۇمرەتنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى. بۇ كۈلكىدە ئۆز - ئۆزىنى زاڭلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆز - ئۆزىگە نىسبەتەن چوڭقۇر مەمنۇنلۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. زۇمرەت ۋاگون دەرىزىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئېكىنزارلىقلار ۋە ئۇ يەرلەردە ئالدىراش ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى كۆرەتتى... ئۇلار ئىشلىمەكتە، ئۇلار ھەر يىلى ئەنە شۇ ئېتىزلاردا ئىشلەيدۇ: تېرىيدۇ پەرۋىش قىلىدۇ، يىغىدۇ، يەنە تېرىيدۇ، يەنە پەرۋىش قىلىدۇ، يەنە يىغىدۇ...

دەرىزىدىن قاراۋېرىپ زۇمرەتنىڭ كۆزلىرى تېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ كەينىگە يۆلەندى، «مەن قانچىلىك تەرتۆكتىمكىنە؟».

ئۇ تەر تۆكتى، «سەنئەت» تىن ئىبارەت ئۇزۇن مۇساپە-لىك يولدا يىگىرمە يىل تەر تۆكتى! بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن نەپىس ئۇسۇللارنى ئىجات قىلدى. باشقىلارغا ئۆگەتتى. ھەر قېتىم سەھنەت كۆرەكلىرى ئۆتكۈزۈلسە ئۇ ئىككى ئۈچ ئايغىچە سوت-كىسىغا پەقەت تۆت — بەش سائەتلا ئۇخلايتتى. ئۇ ئۇخلاشقا ھەر قانچە كەچ ياتسىمۇ، يەنە ئۇزۇنغىچە ئۇسۇل ئۈستىدە باش قاتۇ-راتتى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ئانا قانداق-تۇر بىر شەپىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۆينىڭ سۇپىسىدا بىر غەلىتە گەۋدە ئۇسۇل ئويناۋاتاتتى، ئانا قورقۇپ ۋاقىرىۋەتتى، ھېلىقى گەۋدە دەرھال بېرىپ چىراقنى يورۇتتى، ئانىنىڭ قورۇق-لار باسقان يۈزىدىن تەر قويۇلۇۋاتاتتى.

— ئانا نىمە بولدىڭىز؟ — زۇمرەت يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى قۇچاغلىدى.

— تووۋا خۇدايىم ! بۇ، سەنمىدىڭ ؟ — دىدى ئانا، ۋەھىمىدىن پارقىراپ كەتكەن كۆزىنى قىزىغا تىكىپ.

— يولداش تاماق ۋاقتى بولدى، سىز نىمە تاماق يەيسىز ؟

— پويىز كوتكوچىسىنىڭ ئاۋازى زۇمرەتنىڭ خىياللىرىنى بۆلىۋەتتى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ جاۋاپ كوتۇپ تۇرغان خىزمەتچىگە قاراپ قويۇپ ، يانچۇغىدىن پۇل قاپچۇغىنى چىقاردى. ئۇنىڭ قورسىقى ھىچ ئاچقاندەك ئەمەس، لىكىن، دوختۇرلار تاپىلىغاندەك ۋاقتى - ۋاقتىدا زورلاپ بولسىمۇ ئازاراق بىر نىمە يىيىشى كىرەك ئىدى .

## 9

پويىز شىمەن ۋوگزالىدىن قوزغالدى.

ئۇ شەھەردىن ئۇزاقلاشقانسىرى زۇمرەت ئۆز كەيپىنىڭ باشقىچە بولۇۋاتقانلىغىنى، يالغۇز - يىتىمسىراپ قېلىۋاتقاندەك بىر خىل كىشى كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان سىزىمنىڭ ئۆزىنى ئورىۋېلىۋاتقانلىغىنى سەزدى.

كىچە ، ۋاگۇندىكىلەر ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كىتىشكەن، قاتتىق ئۇخلاۋاتقان زۇمرەت چۈش كۆردى، پايانسىز كەڭ دالىدا ئات بەيگىسى قىزىماقتا. بىشىغا قىزىل ياغلىقنى چەۋەندازلاردەك چىڭ چىگىۋالغان زۇمرەت ئىگىز كوچلۇك بەيگە ئىتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كەلمەكتە. بىردىن زۇمرەتنىڭ ئىتى ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈپ چىقتى، ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدىن ۋىڭىلداپ شامال ئۆتمەكتە، زۇمرەت ئۆز ئىتىنىڭ يەردە ئەمەس، بەلكى يەردىن خىلىلا ئىگىزلىككە كۆتىرىلىپ، شامالدەك تېز ئۇچۇپ بىرىۋاتقانلىقىنى، تۆۋەندە سان - ساناقسىز كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ،

قول پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ مۈرىسىگە «تارس» قىلىپ قامچا تەككەندەك بولدى ئۇ بۇرۇلۇپ قارىدى، كەينىدە ئۇنىڭدىن قالماي، دەھشەتلىك بىر قارا كۆلەڭگە كەلمەكتە، زۇمرەتنىڭ يۈرىگى سىيلىشقا باشلىدى، ھېلىقى كۆلەڭگە بىردە قارا ئىتقا، بىردە قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، تۆمۈر تىرناقلىرى بىلەن چاڭگال سېلىشقا تەييارلىنىپ كېلىۋاتقان قارا قۇشقا ئايلىناتتى، زۇمرەت ئاتقا قامچا ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى ئىگىز كۆتەرمەكچى بولدى، نىمىشقىدۇر قولىنى مىدىرلىتالمىدى، ۋاقىرىماقچى بولدى، لېكىن ئاغزىنى ئاچالمىدى. بىردىن ئۇ ئۆزىنى ئاسماندا ئەمەس، يەردە ئات چېپىپ كېلىۋاتقان ھالەتتە كۆردى، ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى قورقۇنچلۇق مەخلۇق، ئەمدى چوڭ تۆگىگە ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي كەلمەكتە. ئەنە ئۇ يېقىنلىماقتا، ئۇنىڭ سەت ھۆكىرىگەن ئاۋازى زۇمرەتنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە ئاڭلانماقتا... زۇمرەت تىپىرلايتتى، ۋاقىرىماقچى بولاتتى، ھېلىقى مەخلۇق ھامان ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كېلەتتى... زۇمرەت بوغۇلۇپ، تىپىرلاپ ۋاقىرىدى، ئاخىر ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ھاسىراپ تېخىر-تېخىر تىناتتى، پۈتۈن ئەزايى چىپ-چىپ سوغاق تەرگە چۆمگەن ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ پويىزدا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى قورقۇتقان بايىقى ئىشلار قاباھەتلىك چۈش ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ سائىتىگە قارىدى. كېچە سائەت ئۈچتىن سەللا ئاشقان ئىدى. زۇمرەت بۇندىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى دەل بۈگۈنكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يامان چۈش كۆرگەن ئىدى. ئۇ چاغ، ھەممىلا يەرنى بىر خىل سۈرلۈك كەيپىيات قاپلاپ كەتكەن مۇدھىش قارا كۈنلەر ئىدى. سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشا-مۇزىكا، ئويۇن-كۈلكىلەر قاپلاپ تۇرىدىغان قوراسىمۇ جىمجىتلىققا چۆككەن

ھەممە كىشى بىر بىرىگە سىرلىق، گۇمان بىلەن قارايدىغان، ھەممىسىنىڭلا كۆڭلى، بېسىپ كېلىۋاتقان نامەلۇم پالاكەتتىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك، پەرىشانلىققا چۆمگەن ھالەتتە ئىدى.

زۇمرەت كەچتە كۈندىكىگە ئوخشاشلا كەيپسىز ھالەتتە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. كارۋاتتا سابىت كىيىملىرىنى سالمايلا، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككەن ھالەتتە، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ياتاتتى. زۇمرەت ئاستا كېلىپ، شىرە ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئارىدا ئۇزاق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. زۇمرەت جەينەكلىرىنى شىرەگە قويۇپ، ئالقانلىرىدا چېكىسىنى تىرەتقانچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. سابىتمۇ بايىقىدەكلا كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە جىمجىت ياتاتتى.

ئاخىر جىمجىتلىقنى سابىت بۇزدى:

— ئاگرو تېخنىكىغا ئائىت كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى يەشىككە قاچىلاپ قويدۇم، — دىدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئەتە ئۆگۈن سايۋاغقا بارىدىغان ماشىنا چىقسا، ھامىنىڭكىگە ئاپىرىۋەتسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— بۇ ئىنقىلاپ بىلەن سىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ھەققىدىكى كىتابلىرىڭىزنىڭ نېمە ئالاقىسى بار ئىكەن؟ — زۇمرەت ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— گېزىتلەرنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — زەردە بىلەن جاۋاپ بەردى سابىت، — ئىلىم - پەن، تېخنىكا دىگەنلەر بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىكەن.

— ھەممىلا نەرسە بۇرژۇئازىيىنىڭ بولسا، پرولېتارىياتقا نېمە قالىدۇ؟ توۋا دەيدىغان ئىشلار بولۇۋاتىدۇ - دە.

— بولدى، چىقىپ ئۇخلىغىن، — دىدى سابىت بۇ ھەقتىكى پاراڭنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمىغاندەك، — ئەتە يەنە

«كۆرس» قا كېچىكىپ بالاغا قالمايلى.

سەھەرگە يېقىن، ئەندىكىپ، بوغۇلۇپ تىپىرلاۋاتقان زۇمرەتنى يېنىدا ياتقان ئۇيقۇسى سەگەك ئانا تۇرتۇپ ئويغاتتى.

— زۇمرەت! بالام! نېمە بولدۇڭ؟ كۆزۈڭنى ئاچقىنا!

زۇمرەت ئويغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈز كۆزلىرىنى سوغاق تەر قاپلىغان، تېز ۋە قاتتىق نەپەستىن كۆكسى بىر كۆتىرىلىپ، بىر پەسىيەتتى. ئانا يېقىن سۈرۈلۈپ، قىزىنىڭ تەردىن ھۆللەن-گەن چاچلىرىنى سىلىدى، زۇمرەت خۇددى كىچىك بالىدەك ئانىسىنىڭ باغرىغا بېشىنى قويۇۋالغان ئىدى.

— بالام نېمە بولدۇڭ؟ گەپ قىلغىنا! - دەيتتى ئانا ئەنسىرەش ئىچىدە.

— يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن، — دىدى زۇمرەت ئانى-سىغا تېخىمۇ چىڭ يېپىشىپ.

— هاي، ئۇنداق دىمەيدىغان، — دىدى ئانا دەرھاللا، چۈش دىگەنگە يامان تەبىر بەرسە گۇنا بولىدۇ.

ئانا - بالا ئورۇندىن تۇرۇشتى. زۇمرەت ئانىسىغا كۆرگەن ئەسكى چۈشىنى ئاستا سۆزلەپ بەردى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ۋەزىيەتتە شۇنچىلىك تېز، زور ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىدىكى، بۇنى كىشى ئويلاپمۇ، پەرەز قىلىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتى، تېگىگە يېتەلمەيتتى، ھەممە يەرنى چىرىك خەتلىك گېزىتلەر قاپلىدى، ئىدارىلەر، كوچىلار ھەيۋەتلىك شو-ئار سادالىرىغا كۆمۈلدى، سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى چوڭ - كىچىك باشلىقلارنىڭ ھەممىسى تارتىپ چىقىرىلىپ، ئۆمەكنىڭ دىكراتسى-يەچىسى ئىبمىر «پاختەك» بىلەن ئەبەي پاخپاقلار بىرلا ئىرغىپ ئۇلانىڭ ئورنىغا دەسسىدى.

زۇمرەتمۇ تارتىپ چىقىرىلغان ئىدى، يېڭى رەھبەرلەرنىڭ بۇيرۇغى بويىچە تارتىپ چىقىرىلغانلار ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، ئۆمەك قورۇسىنى، ئىشخانىلارنى تازىلايتتى، كۈندۈزى ئىنقىلاۋى ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۆزلىرى ئۈستىدىكى چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى كۆرەتتى، ياكى ئۆزلىرىگە ئاجرىتىلغان بىر ئىشخانىغا كىرىپ، مەسىلە تاپشۇراتتى.

بىر كۈنى زۇمرەت ئادەتتىكىدەك، چوڭ خەتلىك گېزىت كۆرۈشكە چىقتى. يائاللا: بۇ نېمە ئىش! مەشىق زالىنىڭ ئۇزۇن تاملىرىغا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۈستىدە يېزىلغان چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلىنىپ كېتىپتۇ، زۇمرەتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، پۇتلىرى تىترەپ كەتتى. كۆزلىرى ئىمىر-چىمىر بولۇپ خەتلەرنى ئوقۇيالماي قالدى. كاللىسىدا بىر-بىرىدىن دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق خىياللار پىقىرايتتى. ئىككى قولى بىلەن ئىختىيارسىز چېكىسىنى چىڭ قىسىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى...

— روھلۇق بول، بويىنۇڭنى قانچىلىك قىسساڭ، تۆھمەت شۇنچە كۆپ ياغىدۇ!

زۇمرەت ئىتتىك بۇرۇلۇپ قارىدى، يېنىدىلا سابىق ئۆمەك باشلىقى ئابدۇقادىر ئاكا چوڭ خەتلىك گېزىتلەرگە قاراپ تۇراتتى.

ئابدۇقادىر ئاكا مۇشتۇمىنى ئاغزىغا ئەكىلىپ، قەستەن قاتتىق يۆتەلدى. زۇمرەت ئۇنىڭ لەۋلىرىدىكى تەنىلىك كۈلكىنى ئوچۇق كۆردى. پېشقەدەم ئۆمەك باشلىقىنىڭ بۇ ھالىتى زۇمرەتنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ يېڭىۋاشتىن چوڭ خەتلىك گېزىتلەرگە كۆز تاشلىدى. بايا ئۇ بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغانسېرى ھەيران بولۇشقا باشلىدى، لېكىن ئاۋالقىدەك بولۇپ كەتمىدى، تېۋا مۇنداقمۇ

قىپ ـ قىزىل يالغانچىلىقلار بولىدىكەن ـ ھە ؟
ئىستىلدا بۇزۇلغان زۇمرەت ئۆمەكتىكى X ئىنقىلاۋىي كىشى-
گە، تۇرمۇش قۇرۇش ھەققىدە ئۈچ قېتىم تەكلىپ قويۇپتىمىش، X كىشى
ئۇنىڭ بۇزۇقلۇغىنى بىلگەچكە كەسكىن رەت قىلغانىمىش ...
قېنى يەنە نىمىلەرنى توقۇشىتىكىن؟ كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە،
ۋىجدانىغا تېگىدىغان مۇناپىقلارچە تۆھمەتلەر ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇ-
جۇدىنى تىترىتىپ، غەزىۋىنى قايناتماقتا ئىدى، لېكىن ئۇ، بۇ
كۈنلەردە يېنىكلىك قىلىشىنىڭ، ئاچچىق غەزەپنىڭ پايدا بەرمەي-
دىغانلىقىنى چۈشىنەتتى، ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلەپ، چوڭ خەت-
لىك گېزىتنىڭ داۋامىنى كۆرۈشكە باشلىدى ... سەنئەت ئۆمىكى
1964 - يىلى باھار بايرىمى مەزگىلىدە چېگرا پونكىتىغا ھال
سوراش ئويۇنى قويۇشقا بارغاندا، زۇمرەت كەچقۇرۇن يەنە شۇ
X نىڭ ياتىقىغا كىرىپتىمىش ... ئازاتلىق ئارمىيە گازارمىسى
ئىچىدە بۇنداق رەسۋاچىلىقنىڭ بولۇشىغا ئىنقىلاۋىي ۋىجدانى
تاقەت قىلالمىغان X قاتتىق رەددىيە بېرىپ، ئۇنى ياتاقتىن
قوغلاپ چىقارغانىمىش ...
زۇمرەت چوڭ خەتلىك گېزىتتىن كۆزىنى ئېلىپ، شارتتىدە
كەينىگە بۇرۇلدى.
— تۆھمەت! .... — ئۇنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقان لەۋلىرى
ئارىسىدىن غەزەپلىك، ئاچچىق بىر خىتاپ ئېتىلىپ چىقتى.
نىرىراقتا ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆزەتچىلەر غەزەپلەنگەن ھالدا
دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى.
— سەن، قارا يىپ، نىمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن ؟
— ھازىرقى سۆزۈڭنى يەنە بىر قېتىم دىگىنە قېنى ؟ ...
زۇمرەتنىڭ چېكىلىرى تارتىشىپ مىڭىسى لوقۇلداپ، خۇد-
دى ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ

غەزىۋىنى زورغا بېسىپ، ئاستا، لېكىن ئېنىق ئاۋازدا تەكرارلىدى!

— تۆھمەت!

— سەن مۇشۇ گېپىڭگە ئىگە بول جۇمۇ! خەپ توختاپتۇر، سەن تېخى بىز ئىنقىلاۋىي ئاممىنىڭ كۈچىنى كۆرسەن!

زۇمرەت «ئىنقىلاۋىي ئامما» نىڭ كۈچىنى راستىنلا كۆردى، ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆيىگىمۇ چىقالمىدى، يالغۇز بىر ئىشخانىغا سولاپ قويۇلدى. ئۇنىڭ ئېمىتىۋاتقان بالىسىنى ئانىسى كۈندە ئىككى قېتىم ئېلىپ كېلىپ، ئەمگۈزۈۋالاتتى، تامىقىنىمۇ ئانىسى ئەكىرىپ بېرەتتى. سابىتنىڭ كىرىپ كۆرۈشىشىگىمۇ رۇخسەت قىلىنمىدى.

زۇمرەت «مەسىلەڭنى تاپشۇر» دەپ ئەكىرىپ بېرىشكەن بىر قانچە ۋاراق ئاق قەغەزلەرگە قاراپ، كۆڭلىدىكى خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ ناھەقچىلىقلارنى تولا ئويلاپ ھېچ تەكشىگە يېتەلمەيتتى.

زۇمرەت ئۆزىگە ھاقارەت كەلتۈرۈۋاتقان «بۇزۇق» دىگەن تۆھمەتنىكى، ئۇلار دەۋاتقان «X كىشى» نىڭ كىملىكى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئويلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ بۇنىڭ جاۋابىغا ئېرىشتى. بىر كۈنى ئۇنى نازارەت قىلىۋاتقان بىر ياخشى نىيەتلىك خىزمەتدىشى بۇ «X كىشى» ئۈستىدە ئۇنى ئاگاھلاندۇردى...

## 10

«X كىشى» — ئەبەي ئىدى.

زۇمرەت سابىت بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى، ئەبەي ئۇنىڭغا بەش - ئالتە قېتىم تەكلىپ قويغان. زۇمرەت دەسلەپتە

ئۇنىڭ « تەكلىپ » لىرىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. ئەبەي كېيىنچە بىزەڭلىك بىلەن يېپىشۋەرگەندىن كېيىن قوپاللىراق جاۋاپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدە، شۇ كۈنلەردە پەقەت بىرلا كىشى — سابىت بار ئىدى، كېيىن، زۇمرەت بىلەن سابىت توي قىلدى. توي ئەبەينى تىكەنگە ئېغىناتقاندەك بولدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن زۇمرەتكە ئۇزۇنغىچە گەپ قىلماي يۈردى. شۇ جەرياندا ئۇنىڭ يەنە نىمىلەرنى ئويلىغىنىنى، قىسىمدا قانداق پىلانلارنى پۈشۈرگانلىغىنى كىم بىلسۇن؟ تەخمىنەن يېرىم يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ، ئۆزىچە زۇمرەتكە گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپ، زۇمرەت ئۇنىڭغا تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز ئىشى بىلەن يۈرۈۋەردى. كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ، ئەبەينىڭ سۆز - ھەركەتلىرىدە قانداقتۇر بىر خىل ياسالمىلىقنى، ئىچ قاردىلىقىنى سەزگەندەك بولدى.

بىر كۈنى، سابىت ئىشتىن بەكمۇ كەچ ياندى، ئۇ ئۆيگە كىرىپ ھېچكىمگەمۇ گەپ قىلماستىن، ئۇدۇل مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. ئادەتتە تېلىمۇ ئامراق ئۆتىشىدىغان بىر بىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىشىدىغان ئەر - خوتۇنلار بىر بىرىدىكى ئازراقلا ئۆز-گىرىشنىمۇ تېزلا سېزىشىۋالىدۇ. ئېرىنىڭ شۇ تاپتىكى قىلىقىغا زۇمرەت دەرھال دىققەت قىلدى.

ئۇ تەئەججۈپلىنىپ بىردەم كۈتتى، سابىت مېھمانخانىدىن چىقمىدى، زۇمرەت تاقەت قىلالماي، ئېرىنىڭ كەينىدىن مېھ-مانخانىغا كىردى. سابىت شىرەگە جەينەكلىرىنى تىرەپ، چېكە-لىرىنى قاماللىغىنىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى:

— نىمە بولدىڭىز؟ تاۋۇڭىز يوقمۇ يە؟ — زۇمرەت سەۋرسىزلىنىپ سورىدى، سابىت مۇرىلىرىنى قىسىپ قويدى - يۇ

جاۋاپ بەرمىدى.

سابىت گەپ قىلمىسىڭىزچۇ؟! نېمە بولدىڭىز؟ ياكى بىرەر-سى بىلەن رەنجىشىپ قالدىڭىزمۇ؟... — زۇمرەت، ئۇنىڭ مۈرىلىرىگە قولىنى قويۇپ، ئارقا-ئارقىدىن سوراۋەردى.

سابىت ئاخىر ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى، تەشۋىش، سەۋىر-سىزلىك بىلەن تىكىلىپ، تەلمۈرۈپ تۇرغان مېھرىۋان، چىرايە-لىق كۆزلىرىنىڭ سېھرى كۈچى بىردىنلا، ئۇنى خاپا قىلىۋەتقان ئەلەملىك تۇيغۇلارنى بېسىقتۇرۇپ، كۆڭلىدە بىر خىل يېقىنلىق پەيدا قىلىۋەتقاندەك بولدى. ئۇ زۇمرەتنى خۇددى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ گۈزەل، پاك چىرايىغا، ئۆزىگە كۆيۈنۈش ۋە مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە خېلى بىر ھازاغىچە سۆزسىز تىكىلىپ تۇردى.

— نېمە بولدىڭىز جېنىم؟ — زۇمرەت ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ، ئەمدى ئاستا سورىدى.

ئېھ، ئۇنىڭ كۆزلىرى نېمە دېگەن پاك، سەممىي-ھە؟!... سابىت ئۆز يۈرىگىنىڭ خۇددى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بىر خىل شېرىن سىرلىق تۇيغۇ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

سابىت زۇمرەتنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بۈگۈن ئۆزىنى خاپا قىلغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

سابىت ئىدارىسىدىكى يىغىندىن چىقىپ قايتىپ كېلىۋاتسا، راسا ئىچىشىپ كەيپ بولۇۋالغان ئۈچ مەس قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ، سابىت ئۆزىنى ئاياپ ئۇلاردىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن شۇ چاغدا بىرسىنىڭ «قورقتى...» دېگەن سۆزىنى ۋە يەنە بىرسىنىڭ «قورقماي كىم ئىدى ئۇ؟... بىزدىن ئاشقان...» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، سابىت بۇنىڭ

ئۆمەكتىكى ئەبەيدۇلنىڭ ئۆزىنى ئەكەلگەننى تونۇپتۇ. بۇنىڭدىن يىگىرمە كۈنلەرچە ئىلگىرى يەنى زۇمرەتلەر يېڭىدىن تەييارلىغان چىرىك تىپىدىكى تىياتىر «غەلىبە شاتلىقى» نى قويۇۋاتقان بىر كۈنلىرى، كەچتە سابىت زۇمرەتنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ چىقىشىنى كۈتۈپ ئىشىك يېنىدا تۇرسا، ئەبەي يەنە بىر يىگىت بىلەن قايتىپ چىقىۋىتىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئەتەي ئۇنى قىسىپ «بىزدىن ئاشقان جۇمۇ! ...» دەپ باش ئايىغى يوق بوغۇزىنى بىرقېتىم قىلغان ۋە ئىككىسى سابىتقا قارىشىپ قويۇپ، نېمىدۇر كۇسۇرلىشىپ، كۈلۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئەبەيدۇلنىڭ بۈگۈن قەستەن ئۇنىڭ ئالدىنى تىرىسۇپ، ئۇچۇقتىن ئۇچۇق «قىرقىمىي كىم ئىدى ئۇ؟... بىزدىن ئاشقان» دېيىشى، ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالغان ۋە غەزەپلەندۈرگەن ئىدى. ئەبەي زادى نېمە دېمەكچىدۇ ـ ھە؟

مۇنداق دەڭ! ـ دېدى زۇمرەت سابىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مىيىغىدا ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، ـ مەن تېخى بۇ پاخپاقنى بۇنچىۋىلا دەرىجىگە يېتەر دەپ ئويلىماپتىمەن.

ئىش شۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، زۇمرەت سابىتقا ئېيتىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، دەپ ئويلاپ كەلگەن سىرنى ئەبەينىڭ ئۆزىگە بىر قانچە نۆۋەت تەكلىپ قويغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى تۈۋىدىن كېيىن ئۇنىڭ غەزەپلىنىپ، قاتتىق ئاداۋەت ساقلاپ، ئۇزۇنغىچە گەپ قىلماي يۈرگەنلىكى، كېيىنكى كۈنلەردىكى ياسالما سىرلىق مۇئامىلىسى ۋە سابىتمۇ بىلىدىغان، ئۆتكەندىكى «غەلىبە شاتلىقى» نى تەييارلاش، قويۇش ۋاقتىدىكى جېدەللەرنى سۆزلەپ بەردى.

راست، شۇ چاغدىكى ئىشلار ھازىرمۇ سابىتنىڭ ئېسىدە ئىدى. زۇمرەت ئۇن كۈن جاپا چېكىپ، چىرىك تىپىدىكى ئۇسۇل

— «غەلىبە شانلىقى» نى ئىجات قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگە
نىپ چىقتى. تەييارلىق ۋاقتىلىرىدا ھەرخىل چارىلەر بىلەن
پۈتكەشكىلىق قىلىپ، ئاقتۇرالمىغان ئەبەي، ئوپېرا پۈتتۈپ،
ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك باشلىقلار كۆرۈپ — تەستىقلايدىغان
كۈننىڭ ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر «ئويۇن» قويناپ
چىققان ئىدى. سابىت ئۆيىگە قاراپ ئولتۇرۇپ شۇ ئىشلارنى
ئەسلەپ كەتتى...

كەچقۇرۇن تېرپا - چاڭ قونغان چىرايىدىن خوشاللىق
يېغىپ تۇرغان سابىت ئۆيىگە كىرىپ كەلدى، بۇ چاغدا ئۆيدە
زۇمرەت يوق، قېينانىسى بار ئىدى.

— زۇمرەت تېخى كەلمەپتۇ - دە! سابىت — كىيىملىرىنى
سېلىۋېتىپ، قېيناناسىغا چاخچاق قىلغاندەك كۈلۈپ سۆزلىدى،
- ئاكتىپ دېسە مانا بىزنىڭ زۇمرەتنى دېسە بولىدۇ، ھە، ئاپا!

— ۋاي بىر دېمىڭ ئوغلۇم، زۇمرەتقىز ھېلىقى تىياتىرنى
پۈتكۈزۈپ بولغان ئىكەن، ئەتە گېنېرال رېپېتىس قىلىدىكەنمىز
دەپ چۈشتە تاماقنىمۇ تۈزۈك يېمەي چىقىپ كەتكەن، مانا
كەچكى تاماقنىڭ پىشقىنىمۇ نەۋاخ، تېخىچە كەلمەيۋاتىدۇ، —
دېدى ئىنىمۇ كۆيۈنگەنلىك ماختاشلىرىدىن سۆيۈنۈپ.

— ئوھـــۇ، پۈتتۈپتۇ - دە، ... نېمە دېگەن ياخشى!؟ —
سابىت خۇشال بولۇپ سۆزلەپ كەتتى، — مانا، ئىككىلىمىزنىڭ
تىلىكى پۈتتۈپتۇ.

— سىزنىڭ پۈتكىنى نېمە بالام؟ — ئانا كۆزلىرىنى چىمـ
چىقلىتىپ سورىدى:

— مېنىڭ بوغداي! ئاستى تاشلىق، ئەت توپىسى نېپىز
يەردە يۇقۇرى ھوسۇل بېرىدىغان «تارىم — 333» ناملىق يېڭى
بوغداي سورتى!

سابىت ئۆزى يېتىشتۈرگەن بۇغداي سىرتى ئۈستىدە قىزغىن هاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرمەكتە ئىدى. ئانا بولسا ئۇنىڭ گېپىنگە چۈشەنمەيتتى، ئېكىن ئۇ كۈيئوغۇلىنىڭ تېخى بۇ ۋىلايەتتە باشقىلار قىلىپ باقمىغان بىر ياخشى ئىشنى قىلالىغانلىقىنى هېس قىلىپ، خۇشاللىناتتى، پەخىرلىنەتتى.

سابىت چۆچۈرىنى ئىشتىها بىلەن ئىچىشكە باشلىغاندا، روهى چۈشكەن، رەڭگى تاتارغان زۇمرەت كىرىپ كەلدى. سابىت قولىدىكى قوشۇقنى تۇتقىنىچە هاڭ ـ تاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ قالدى.

— نېمە بولدى؟ بىر ئىش يۈز بەردىمۇ؟ — سابىت ئەنسىرەش ئىچىدە سورىدى.

زۇمرەت زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

— هېچ ... — دېدى ئۇ بېشىنى ئىغىتىپ قويۇپ ۋە هارغىنلىق بىلەن كېلىپ، ئېرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كارۋاتقا ئولتۇردى.

سابىت تاقەتسىزلىنىپ سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

زۇمرەت لىۋىنى چىشلەپ، بىر چەتكە قارىۋالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى گەپ قىلسىلا پاڭ قىلىپ يىغلىۋېتىدىغاندەك ئىدى، ئۇنىڭ ئوروقلاپ، تاتىرىپ قالغان چىرايىغا، ئەلەم بىلەن مۆلدۈرلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، سابىتنىڭ ئىچى سىرەلدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئالدىدىكى تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ، ئايالىغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئاخىر زۇمرەتنىڭ ئۆزى ئېغىز ئاچتى، بۈگۈن ئەتىگەن ئاساسلىق رولچىلاردىن بولغان نۇرۇنگۇلنىڭ تۇساتتىن جىددى خارەكتېرلىق سوقۇر ئۈچەي بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ

كەيىن ئۇچۇپتۇ ـ دە ، دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ ، لېكىن ، دوختۇر — لار ئۇنىڭ جىددى خاراكتېرلىق كېسەل ئەمەسلىگىنى ، ئاستا خارەكتېرلىق سوقۇر ئۈچەي بولۇپ ، دورا ، ئوكۇل بىلەن داۋلاش مۇمكىنلىگىنى ، سەھنىگە چىقىرىۋەرسە بولىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ ، نۇرۇنگۈل بىرلا « ھەركەتتەمىز قاتتىق ، ئۈچەيىم ئاغرىشىپ يەنە تۇيۇقسىز سىقۇر ئۈچەي بولغان يەر يېرىلىپ كەتسە كىم جاۋاپكار ؟ » دەپ ، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالى — نىشنى تەلەپ قىپتۇ ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئەبەيمۇ نۇرۇنگۈلنىڭ گەپلىرىگە قوشۇمچە قىلىپ « بۇ ھايات مەسىلىسى ... كىم بۇنىڭغا كېپىللىك قىلالايدۇ ؟ » ، دەپ ۋاقىراپ كېتىپتۇ .

زۇمرەت يولدا كېلىۋېتىپ ، روقىيە دىگەن قىزدىن نۇرۇنگۈلنىڭ بۇ كېسەللىنىڭ باشلانغانلىغىنىڭ بىر يېرىمچە بولغان — لىغىنى ، يېقىنقى ئىككى ئايدىن بۇيان ئۇنىڭ « ساقىيىپ كەتتىم » دەپ بىرەر قېتىممۇ دورا يېمەپ باقمىغانلىغىنى ، تۈنۈگۈن كەچتە ئۆمەك دەرۋازىسى ئالدىدا ئەبەي ئىككىسىنىڭ ئۇزۇنغىچە كۇسۇرلىشىپ تۇرغانلىغىنى ، كېيىن ئەبەينىڭ « قېرى خوتۇن شاپتۇل يېگۈچە ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىمەن ... » دىگىنىنى ، بۈگۈن چۈشتە نۇرۇنگۈلنىڭ تۇساتتىن « قوسىقىم ئاغرىپ كەتتى » دەپ يېتىۋالغانلىغىنى ، خۇددى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەبەيمۇ ياتاققا كىرىپ ، ئۆزى بىلەن يەنە بىر قىزنى « ئۇنى دەرھال دوختۇرغا ئاپىرايلى » دەپ سۆيلىگەنلىگىنى ئاڭلاپتۇ . ئەبەينىڭ بىر يېقىن ئاغىنىسى دوختۇر بولۇپ ، قىزنى بالنىستقا ئېلىشقا خەت يېزىپ بېرىپتۇ .

— نۇرۇنگۈلنىڭ « غەلىبە شاتلىغى » ئۇسۇلىدا مۇھىم رولى بار ئىدى ، — دىدى زۇمرەت ئاخىرىدا ئەلەم بىلەن بېشىنى ئېغىتىپ ، — ئەتە چۈشتىن كېيىن گېنىرالنى رېپىتىس

بولدۇ دەۋاتساق، قارىغۇنى ياردا قىستا دىگەندەك، ئۇنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز... كېسەل بولۇپ قېلىشى...

سابىت بىردىنلا تىزىغا شاپىلاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ۋاي مېنىڭ ئەخمىقىم! نۇرۇنگۈل چىقمىسا، سېنىڭ ئىزسۇلۇگىنى ئىرىنغىلى بولمامتى؟ ماقۇل، ئىبىيغۇ بىر نۇرۇنگۈل چىقمىسا، زۇمرەت قېيىن ھالىغا چۈشۈپ قالدۇ، دەپ چوتىنى خام سوقسۇن، سەنچۇ؟ سەن نىمە ئىش قىلسەن؟ ئۇنىڭ ئورنىغا سەن چىقالمامتىڭ؟

سابىتنىڭ بۇ سۆزى بىلەن زۇمرەت ئىختىيارسىز ئورنىدىن بىر كۆتىرىلىپ، ئولتۇرۇپ قالدى.

— ۋاي خۇدايىم، شۇندىق قىلىش نىمىشقا بالدۇراق ئەقلىمگە كەلمىدىكىنە؟ «تۆگە مىنىپ، تۆگە ئىزدىگەن» دىمەمۇ ئوشۇق ئىش بولدى ـ دە، بۇ، زۇمرەتنىڭ چىرايىدىكى بايىقى خاپىلىقلارنىڭ ئىزىنىمۇ ئەمدى خۇشاللىق ئىگەلەپ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتتى...

زۇمرەت كۆزلىرىنى يېرىغان ئېچىپ، خۇددى سابىتنىڭ يېقىملىق چىرايىنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك بەختلىك كۈلۈمسىرىدى، لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئەسلىملا ئىدى، خالاس. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار بولسا، ئۇ ئەسلەشنىمۇ ئېغىر كۆرىدىغان بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

پويىز ئۆزىنىڭ بىر خىل رىتىملىق «تاق ـ تۇق، تاق ـ تۇق...» ئاۋازى بىلەن كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ئۇچقاندەك ئىلگىرلىمەكتە ئىدى، نېرۋىنى چارچاتقۇچى خىياللاردىن زېرىكىپ ھارغان زۇمرەت، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، دەرىزىدىن غۇۋا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بىپايان دالىغا كۆز تىكتى.

## 11

مەدەنىيەت نازارىتى بىر كادىرنى كىچىك ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا چىقىرىپ، زۇمرەتنى كۈتۈۋالدى، ئۇ نازارەتكە يېقىن جايدىكى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتى.

— سىزگە يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئايروپىلان بېلەتىنىڭ نۆۋىتى كېلىدىكەن، — دېدى ئۇنى كۈتۈۋالغان كادىر كۈلۈپ، — ئۇنىڭغىچە سىز بۇ يەردە ياخشىراق دەم ئېلىپ، شۇ پۇرسەتتە بۇ يەردىكى كەسپداشلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ قويىسىڭىز، ئۇلار سىزنى تولا سوراپ هاردى.

زۇمرەت بېشىنى ئىغىتىپ كۈلۈپ قويدى.

— هەر هالدا بېلەتنى تېزرەك ئېلىپ بېرىڭلار، — دېدى ئۇ تاپىلاپ، — ئۆمەكنى، ئائىلەمنى سېغىنىپ كەتتىم.

دىگەندەك ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كەسپداشلىرى ئۇنى بەك سېغىنىپ كېتىپتۇ، بىر سائەتكە قالمايلا ئۇلار زۇمرەتنى تالىشىپ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشتى.

كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقىنى زۇمرەتكە راستىنلا بىلىنمەي قالدى. خۇشچاقچاق كەسپداشلىرى ئۇنى زادىلا زېرىكتۈرمىدى. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە زۇمرەت يۈز يۇيۇش ئۆيىگە چىقتى. بۇ كۈنى ئۇ، ماڭا بۈگۈن ئايروپىلان بېلەتى ئەكىلىپ بېرىدۇ، دەپ، باشقا كۈنلەردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ سەهەر تۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇ چىشلىرىنى چوتكىلىدى. يۈز بويۇنلىرىنى سوپۇنداپ يۇيۇپ لوڭگە بىلەن سۈرتتى. تامدىكى چوڭ ئەينەككە قاراپ، چاچلىرىنى تارىدى. ئەينەكتە، بىلىنەرلىك ئورۇقلىغانلىقىغا قارىماي، يەنىلا خۇشخۇيلۇقى چىقىپ تۇرغان تولىمۇ گۈزەل بىر چىراي، ئۇزۇن چاچلىرىنى مۈرىسىگە

يايغان كېلىشكەن قامەت، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ چىرايىغا مەسلىگى كەلگەندەك يەنە بىردەم شۇ هالدا قاراپ تۇردى. ئۇ تېچ تۇرغاندا، ئەينەكتىكى ئەكس خۇددى بىر گۈزەل هەيكەلگە ئوخشاپ قالدى. دۇنيادا ئۆزىنىڭ گۈزەل-لىكىدىن پەخىرلەنمەيدىغان ئاياللارمۇ بارمىكىن! ؟ ئۇ مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى ئىغىتتى. سۇمبۇل چاچلار تېخىمۇ يېيىلىپ، دولقۇنلىدى. زۇمرەت يەنە بىردەم ئۆز ئەكسىنى تاماشا قىلغاندىن كېيىن تاغاقنى ئېلىپ چاچلىرىنى يەنە بىر قېتىم تاردى. ئۇ ئىشىنى تۈگىتىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئىشىككە ماڭدى. شۇ چاغدا ئالدىدىن داس كۆتەرگەن يەنە بىر ئايال كىرىپ قالدى. زۇمرەت ئۇنىڭغا يول بەرمەكچى بولۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالغان ئىدى. دەققەتسىزلىكتىن ئاغرىق مۈرىسى ئىشىك تېمىدىنىڭ قىرىغا تېگىپ كەتتى. تېگىپ كەتتى يۇ، شۇ هامان مۈرىسى زىڭڭىدە قىلىپ ئاغرىپ، بۇ ئاغرىق پۈتۈن بەدىنىگە يېيىلىشقا باشلىدى. ئۇ تامغا يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى، يۈز-كۆزلىرى چىمچىلداپ تەرلەپ، پۇت-قوللىرى تىترىمەكتە ئىدى. هېلىقى ئايال بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ۋە دەرهال زۇمرەتنى يۆلەپ ياتاققا ئېلىپ كىردى.

چۈشتىن ئىلگىرى سائەت ئون يېرىمدا مەدىنىيەت نازا-رىتىنىڭ ماشىنىسى ئۇنى مەدىتسىنا ئىنىستىتۇتىنىڭ دوختۇر-خانىسىغا ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەهۋالى شۇنچىلىك تېزلىك بىلەن يامانلاشقان ئىدىكى، ئۆزىنى تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە تەكشۈرگەنلىكىنى، كېيىن سۆڭەك كېسەللىكى بۆلۈمىگە ئېلىپ چىقىپ، بالنىستا ياتقۇزغانلىقىنى بىلەلمىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، چوڭ كۆلەمدىكى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بىرلەشمە تەكشۈرۈشكە دوختۇرخا-

نىڭ بىر نەچچە بۆلۈملىرىدىكى تەجرىبىلىك دوختۇرلار كەلگەندىن سىرت، دوختۇرخانىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىغىمۇ كېلىپ قاتناشتى. بىر چاغدا مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئۆتكەندە سەنئەتچىلەرنى بېيجىڭغا يېتەكلەپ بارغان بىر مەسئۇلى يېتىپ كەلدى. ئۇ دوختۇرخانىنىڭ ھېلىقى مۇئاۋىن باشلىقىغا ئاغزى ئېتىلگەن چوڭ، قېلىن كونۋېرتنى ئۇزاتتى.

— بۇ زۇمرەتنىڭ پايتەخت دوختۇرخانىسى ئەۋەتكەن كېسەل تارىخى خاتىرىسى، — دىدى ئۇ ئاستا ئاۋازدا چۈشەندۈرۈپ، — بىزگە ئالدىنقى كۈنى يېتىپ كەلگەن ئىدى. سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم.

دوختۇرخانا باشلىغى كونۋېرتنى ئېچىپ، ئىچىدىكى كېسەل تارىخى خاتىرىسىگە كۆز يۈگۈرتتى.

مۇنداق دەڭ ... دىمەك، — دىدى ئۇ خاتىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ۋە يەنە بىردەم ئوقۇغاندىن كېيىن، بېشىنى ئېگىپ قويۇپ سورىدى، — ئۆزى زادىلا سەزمىگەندىمۇ؟

— شۇنداققۇ دەيمەن ... بېيجىڭدىكىلەر، ئەڭ ياخشىسى، ئۆزى بىلمىگىنى ياخشى دېيىشكەن ئىدى.

— شۇنداق كېسەلنىڭ بىلمىگىنى ياخشىراق، لېكىن بىز ئۇنى بەرىبىر ئۆسمە كېسەللەر بۆلۈمىگە يۆتكىمىسەك بولمايدۇ. ئۇ ھالدا، بۇ مەخپىيەتلىكنى ئۇزاق ۋاقىت ساقلاشقا كېپىللىك قىلماق تەسمىكىن.

— پايتەخت دوختۇرخانىسى ئۇنى سۆڭەك كېسەللىگى بۆلۈمىدىن يۆتكىمەيلا داۋالىدىغۇ؟

دوختۇرخانا باشلىغى بېشىنى ئېغىتىپ كۈلۈمسىرىدى:

— شۇنداق، ئۇلار بۇ ئىمكانىيەتنى يارىتالىغان. لېكىن، بىزدە بۇ ئىمكانىيەت يوق-تە.

شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى زۇمرەتنى ئۆسمە كېسەللەر بۆلۈمىگە يۆتكەشتى. تىنىمسىز ئازاپلاۋاتقان ئاغرىق ئىچىدە زۇمرەت ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى غىل - پاللا كۆرۈپ، گەپ - سۆزلەرنى پەرقسىز ئاڭلاپ ياتاتتى. ئۇ، دوختۇر-لارنىڭ ئۆزىنىڭ قېنىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى، يۇلۇندىن سۇيۇقلۇق ئالغىنىنى، رىنتىگىن بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرىپ تەكشۈر-گىنىنى، سۆرەتكە ئالغىنىنى ۋە يەنە بىر بۆلۈمگە ئېلىپ كىرىپ، خۇددى پايتەخت دوختۇرخانىسى تەكشۈرگەندەك كارۋاتقا ياتقۇزۇپ، ئوڭ - سول تەرەپلىرىنى، نۇر ئارقىلىق تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى... بىلدى.

ئارىدىن ئۈچ سوتكا ئۆتكەندە ئۇنى ئازاپلاۋاتقان ئاغرىق ئاستا-ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى. بۇ ئۈچ سوتكا ئىچىدە ئۇ، ئۆزىگە ئۈچ قېتىم قان بېرىلگىنىنى، دورا ۋە ئادەتتىكى ئۆزىگە تونۇشلۇق ئوكۇل ئۇرۇشلاردىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىدىن ئاسما ئوكۇلنىڭ ئۈزۈلمىگىنىنى كۆرۈپ ياتتى. زۇمرەت بېشىنى ئاستا بۇراپ ئەتراپىغا سەپ سالدى. بۇ يالغۇز كىشىلىك ياتاق ئىدى، ئۇنىڭ بىلىگىدە يەنە ئاسما ئوكۇل، كارۋاتنىڭ ئاياق تەرىپىدە كىسلاروت توڭى، ئىشىك تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ياشقىنا بىر سېستىرا قىز قانداق-تۇ بىر ژۇرنالنى ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ. دىمەك، ئۇ ئادەتتىكى كېسەل ئەمەسكەن - دە!

زۇمرەتنىڭ مىدىرلاۋاتقىنىنى سېزىپ، سېستىرا ژۇرنالدىن بېشىنى ئىتتىك كۆتەردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قانداقراق تۇرىسىز؟ — ئۇ ئىنچىكە، مۇلايىم ئاۋاز بىلەن زۇمرەتكە ئېگىلىشىپ تۇرۇپ سورىدى.

— خېلى ... ياخشى.

سېستىرا گەپ قىلماي بېشىنى ئىغىتىپ قويدى،

— سىڭلىم، — دېدى زۇمرەت قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— بۇ ... قايسى دوختۇرخانا؟

— تېببى ئىنىستىتۇت قارمىقىدىكى بىرىنچى دوختۇرخانا.

— قىز بايىقىدەكلا مۇلايىملىق بىلەن جاۋاپ بەردى.

بۇ ... قايسى بۆلۈم؟

قىزنىڭ مەڭزىگە بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىللىق تېپىپ، كىرپىكلىرى تىترەپ كەتتى. زۇمرەتتىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، ئاستا تېمىسىپ چۈشۈۋاتقان ئاسما ئۈكىۈل شىشىسىگە قارىدى. ئۇنىڭ تەگشى گۈچىگە قولىنى سوزۇپ بىردەم تىوختاپ قالدى ۋە شۇ هامان ئىۈزىنى ئىرگىشۋېلىپ، يەنە ئىۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— ئۈسسىدىڭىزمۇ ھەدە؟

زۇمرەت ئىختىيارسىز كىۈلۈمسىرىدى. بۇ قىزنى قارىماققىدىغان، ئۇ باشقا بىر ئىشنى سورىسا، بۇنىڭمۇ باشقا بىر ئىشنى سوراۋاتقىنىنى ...

ئۈسسۇمىدىم، مەن، سىزدىن ....

— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، — دېدى قىز دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — دوختۇرلار سىز كۆزىڭىزنى ئاچقان ھامان ئۆزلىرىگە خەۋەر بېرىشىمنى تاپىلىغان ئىدى، مەن ھازىرلا قايتىپ كىرىمەن.

بۇ سۆزلەرنى ئۇ قانداق تېزلىك بىلەن سۆزلىگەن بولسا، شۇنداق تېزلىك بىلەن يېنىك دەسسەپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئۆسمە كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىشخانىسىغا يەتتە-سەككىز دوختۇر يىغىلغان بولۇپ، مۇدىرنىڭ قولىدا زۇمرەتنىڭ كېسەل تارىخى خاتىرىسى تۇراتتى. بۆلۈم ئىچى جىمجىت بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت مۇدىرنىڭ تەمكىن ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى:

— ... يۇقۇرقىلاردىن باشقا، پايتەخت دوختۇرخانىسى، ئاغرىقنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا قاراپ، راكقا قارشى دورىلارنىمۇ ئىشلەتكەن. شۇندىقلا ئۇلار، راك ھۈجەيرىلىرىگە بىۋاستە تەسىر قىلغۇچى دورىلارنىمۇ، ماددا ئالمىشىشنى توسىدىغان دورىلارنىمۇ، قىسمەن ھالدا ئۆسۈملۈك تېپىدىكى دورىلارنىمۇ، باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنىمۇ ئىشلەتكەن ... — مۇدىر قولىدىكى خاتىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ بىردەم سۆزدىن توختىدى، دوختۇرلار ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشىپ، جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى، — ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى مۇدىر، — رادىئاكتىپ نۇرلار ھەم خېمىيىۋى دورىلار بىلەن داۋالاشنى ماسلاشتۇرۇپ خېلى يامان ئەمەس ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. ھازىرقى دىئاگنوز نەتىجىلىرى پايتەخت دوختۇرخانىسى چىقارغان ھۆكۈمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنى ئاغرىق يامان باسقۇچقا يەتكەندىلا ئاشكارىلانغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى داۋالاشلار پەقەت ئىلگىرىكى راكنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىلا كونتۇرۇل قىلالىغان، كونتۇرۇل قىلغۇنىدىمۇ پەقەت ۋاقىتلىقلا كونتۇرۇل قىلالىغان، خالاس. ھازىر راكنىڭ كېڭىيىش دەرىجىسى بۇرۇنقى داۋىردىن ئىككى ھەسسە كۆپ، ئەگەر مۇشۇ تەرەققىيات بويىچىلا ماڭىدىغان بولسا بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بىر قانچە

كۈندىن بويان يولداشلار بۇ خاتىرە بىلەن، — ئۇ قولىدىكى خاتىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ كۆرسەتتى، — ۋە كېسەلنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن بىر قۇر تونۇشۇپ چىقتى. مەن يولداشلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى داۋالاش چارىلىرى ئۈستىدە تەكلىپ ۋە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— رادىئاكتىپ نۇرلارنىڭ ئىلىك ساركومىسىغا تېزدىن تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، يەنە ئىلىكتىكى راك ھۈجەيرىلىرىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ھەممىمىزگە ئايان، — دېدى كۆز ئەينەك تاقىغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئايال دوختۇر سۆز ئېلىپ، — مېنىڭچە بىز ئالدىنقى كۈندىكى مۇزاكىرىدە ئېيتقىنىمىزدەك، يەنىلا خىمىيىۋى دورىلار بىلەن داۋالاشقا رادىئاكتىپ نۇرلار بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالىشىمىز لازىم. بىر قانچە كۈندىن بۇيان بىز رىنتگېن ئاپاراتى بىلەن ھىدروگېن-ئازوتلۇق تېزلەتكۈچ ئاپاراتىنى ئىشقا سېلىپ، سىرتتىن نۇر بېرىش چارىسىنى قوللاندۇق. ئەمدى مەن بۇ خىل داۋالاشقا ئىچكىگە نۇر بېرىشنى قوشۇپ ئىشلەپ كۆرسەك، دېگەن تەكلىپنى بېرىمەن.

— ئىزوتوپلار ئارقىلىق ئىچكىگە نۇر بېرىش تېخىمۇ ئۈنۈملۈكرەك بولارمىكىن دەيمەن، — ياشقىنا بىر دوختۇر سۆز قىستۇردى.

كۆرۈنۈشىدىن ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ياشتا چوڭراق بىر دوختۇر گېلىنى قىرىپ قويۇپ، سۆز ئالدى:

— بىز راكنىڭ ئۆسۈشى ئىممونىتېت كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز، مېنىڭچە، بىر قانچە خىل دورىلارنى ئىشلىتىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، نۇر ۋە دورىلار بىلەن داۋالاشقا ئىممونىت ئارقىلىق داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارساق ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشىراق بولىدىغۇ دەيمەن.

ـمەن بۇ پىكىرگە قوشۇلمەن، — دېدى يەنە بىر دوختۇر، — پايتەخت دوختۇرخانىسىمۇ ئۇنىڭغا ئۆسۈملۈك تېپىتىكى بەزىبىر دورىلارنى ئىشلىتىپتىغۇ؟ بىزمۇ سىل كېسەللىكىنىڭ ۋاكسىنىسى ھەم ۋىرۇسلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرساق ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ — دە.

دوختۇرلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى.

زۆھرەتنىڭ كېسەل ئەھۋالى ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان، ئۇلار كېسەلنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنىمۇ، ئۇنى داۋالاشنىڭ تولىمۇ مۈشكۈل ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشىدۇ. لېكىن ھەر كىم ئۆزىدە بۇ داڭلىق ئۇسۇل چولپانغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسداشلىقنى، ئۇنى تېخىمۇ قېتىرقىنىپ داۋالاپ كۆرۈشكە قوزغالغان ئۈمۈتۋار ئىستەكنى، كۈچلۈك ئىزلىنىش ھېسسىياتىنى سېزەتتى.

13

ئارىدىن ئون كۈنچە ۋاقىت ئۆتتى، زۆھرەت كاراۋاتتىن چۈشۈپ ياتاق ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغۇدەك بولۇپ قالدى. لېكىن مەسئۇل دوختۇر يەنىلا ئۇنىڭدىن كۆپ ھەرىكەت قىلماسلىقنى، ھەتتا ياتاقنىڭ سىرتىغا چىقىشتىنمۇ ساقلىنىشنى تەلەپ قىلاتتى.

بىر كۈنى مەسئۇل دوختۇر ئۇنى ھەر كۈندىكىگە ئوخشاشلا تەكشۈرۈپ بولۇپ، كېسەل خاتىرىسىگە ئەمدىلا بىر نەرسە يازماقچى بولۇپ تەمشىلىۋاتقاندا، زۆھرەت تۇساتتىن سوراپ قالدى:

— دوختۇر، سىزدىن بىر نەرسىنى سورسام بولامدۇ؟
دوختۇر ئۇنىڭ بېشىنى كۆتەردى:
— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ سوراۋېرىڭ!
— مەن تېخىچە ئۆزەمنىڭ قايسى بۆلۈمدە ياتقانلىقىمنى بىلمەيۋاتىمەن.
— يېتىۋاتقىنىڭىز ئۆسمە كېسەللىكلىرى بۆلۈمى.
زۇمرەت چۆچۈپ كەتتى ۋە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ دوختۇرغا تىكىلدى:
— ئۆسمە كېسەللىكلىرى؟!
دوختۇرنىڭ چىرايىدا قىلچە ئۆزگىرىش كۆرۈنمەيتتى، ئۇ پەرۋاسىز قىياپىتىنى بۇزماي زۇمرەتكە دېدى:
— خوش ئۆسمە كېسەللىكلىرى بۆلۈمى بولسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ يەردە باشقا خىلدىكى كېسەللەر داۋالانمامدىكەن؟
— ئۇنداقتا، مېنىڭ كېسىلىم زادى نېمە؟ دوختۇر، ئۆتۈنىمەن، ماڭا راستىنى ئېيتىڭ!...زۇمرەت ئۆزىنى باسالماي، بېشىنى ياستۇقتىن كۆتىرىپ ئالدىراپ سورىدى.
— تىنچلىنىڭ، سىڭلىم!، دېدى دوختۇر ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ، — سىزگە پايتەخت دوختۇرخانىسى ئاللىقاچان دىئاگنوز قويۇپ بولغان، سۆڭەك تۇبېركولىيۇزى! بىزنىڭ دىئاگنوزىمىزمۇ ئۇلارنىڭكى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش، سىز، نېمە ئۈچۈن سۆڭەك بۆلۈمىدە داۋالىماي بۇ يەرگە ئېلىپ كىردىڭلار؟ دېمەكچىسىزغۇ؟ ئۇ دېگەن بېيجىڭ—پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ پايتەختى. ئۇلارنىڭ شارائىتى ناھايىتى ياخشى، تولۇق. بىزنىڭچۇ؟ بىزدىمۇ زامانىۋى ئاپاراتلار بار، لېكىن ئاز. چۈشىنىۋاتامسىز؟ بۇ يەردىكى بەزى ئاپاراتلارنى ئاسان يۆتكىگىلى بولمايدۇ. سىزنىچۇ؟ يۆتكەش تەس ئەمەستە. شۇنداق بولغانلىقى

ئۇچۇن بىز سىزنى مۇشۇ ئايرىم بۆلۈمگە ئورۇنلاشتۇردۇق،
مەن سىزنى نېمىشقا ياتاقتىن سىرتقا چىقماڭ دەيمەن؟ بىرىن-
چىدىن، كېسەللىكىڭىزنىڭ ئەھۋالى شۇنى تەلەپ قىلىدۇ،
ئىككىنچىدىن، بۇ يەردىكى باشقا كېسەللەرنى كۆرۈپ كەيپىيا-
تىڭىزغا تەسىر يەتمىسۇن دىگەن مەقسەتمۇ بار. قانداق،
ئەمدى خاتىرجەم بولغانسىز؟

دوختۇر شۇنچىلىك ئىشەنچلىك سۆزلەيتتىكى، زۇمرەتنى ھېلىلا بىسىرەمجان قىلغان خىياللار ئاستا-ئاستا غايىپ بولۇشقا باشلىدى. راست، دوختۇرغا ئىشىنىش كېرەك. قانچىلىغان كىشىلەرنى ئۆلۈمدىن، ئازاپتىن قۇتۇلدۇرغان بۇ سالاپەتلىك، ياشانغان ئادەم قانداقمۇ يالغان گەپ قىلسۇن؟

دوختۇر يەنە بىرمۇنچە سۆزلىدى. ھەتتا ئاخىرىدا قىزىق چاخچاقلارنى قىلىپ زۇمرەتنى كۈلدۈردى.

بۈگۈن چارشەنبە كۈنى، دوختۇر، سېستىرالارنىڭ ھەممىسى كەسپىي ئۆگىنىشكە كىرىپ كېتىشكەن ئىدى. زۇمرەت ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاق ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ كۆردى. تېنىگە خېلى كۈچ كىرىپ قالغاندەك ئۆزىنى باشقىچە تېتىك سەزدى. ئۇنىڭدا «دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى يىغىندا بولغاندىن كېيىن كارىدورغا چىقىپ بىرەر قېتىم قاراپ باقسام نېمە بولاتتى» دىگەن بىر تاساددىپى ئىستەك پەيدا بولدى. شۇنداق، يالغۇز ياتاقتا زېرىكىپ ياتقاندىن كۆرە، مېڭىشقا قۇربى يەتكەندىن كېيىن كارىدورغا بولسىمۇ چىقىپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ بېقىش لازىم. ئۇ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كارىدورغا چىقتى. كارىدورنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىگە كۆز يۈگۈرتتى. سول تەرەپتە يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا يەنە بىر بۆلەك كارىدور كۆرۈندى. زۇمرەت تۇرغان يەردىن قارىغاندا ئۇ جاي كارىدورنىڭ باشقا

يەرلىرىگە قارىغاندا بىر ئاز خالىراق كۆرۈندى. ئۇ كارىدور-
نىڭ ئىككىنچى تەرىپىدىكى كەڭ دەرىزىلىك چوڭ ياتاققا قاراپلا
قالدى. ياتاقتا ھېچ خىل ئۆسمە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان
كېسەللەر ياتاتتى. زۆھرەت كۆڭلىدە ئۇلارغا قارىمايلا ئۆتۈپ
ھېلىقى تار كارىدور تەرەپكە بارماقچى بولغان ئىدى. لېكىن
ئۆز خاھىشىغا قارشى، كۆزلىرى يەنىلا دەرىزىدىن ئوچۇق
كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭ ياتاق ئىچىگە چۈشتى. قىزىق ئىش
ئىككى كېسەل ئۆز - ئارا چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ قارت
ئويناۋېتىپتۇ. ئۇلار قانداق كېسەللىكتە؟ ... ياق، ياق! ئۇلار
ئۆسمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارغا ئوخشىمايدىغۇ، ئەگەر
شۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار بولسا بۇنچىلىك خاتىرجەم
ئولتۇرۇپ قارت ئوينىماس ئىدى. زۆھرەت ئاستا مېڭىپ
ھېلىقى تار كارىدورغا چىقتى. بۇ جاي مۇشۇ ياقتىكى بىنا
بىلەن نېرى ياقتىكى بىنانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كارىدور
بولۇپ، كېسەلخانا كارىدوردىن بۇ يەرگە چىقىدىغان ئېغىزدىكى
ئوچۇق ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرسا تۆۋەندىكى باغلارنى، گۈلزار-
لارنى، ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنى ئوچۇق
كۆرۈشكە بولاتتى؛ ئىشىككە يېقىنراق يەردە تۇرسا كېسەلخانا
كارىدوردىن تاساددىپى ئۆتۈپ قالغان دوختۇر ياكى سېستىرالارمۇ
ئۇنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ كەڭ دۇنيانى، يېشىللىقنى، گۈلزارلىقلارنى
شۇنچىلىك سېغىنغان ئىدىكى، كۆڭلىدە دوختۇرلارنىڭ بۈگۈنكى
كەسپىي ئۆگىنىشنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇنراق داۋام قىلىشىنى تىلىدى.
لېكىن شۇ چاغدا ئۇنى يوقلاپ چىققان ئىككى ئايال كارىدوردا
پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۇدۇل زۆھرەتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ
كەتتى. زۆھرەت ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىرەي دەپ ئەمدىلا بىر
قەدەم ئېلىشىغا كارىدورنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن ئۆزى تۇرغان

تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئاق خالاتلىق بىرسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئاق خالاتلىقنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى ئىشىكنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ كۈتۈپ تۇردى. ئاياق تاۋۇشلىرى تار كارىدورغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن قاراپ ئاق خالاتلىق كىشىنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قالدى. ئاپلا، چاتاق بولدى-دە، ئۇنىڭ ئىنتىزامسىزلىغىنى مەسئۇل دوختۇر ئاڭلىسا ئۇنىڭغا قانچىلىك خاپا بولۇپ كېتەر؟

ئۇنى ئىزلەپ چىققان ئاياللار زۇمرەتنىڭ ياتىغىدىن چىقىپ ئۇنى ئىزلەپ ئۇيان-بۇيان قاراشتى-دە، ئاق خالاتلىق كىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىشكە باشلىدى.

— يولداش، ئاۋۇ 10-ياتاقتىكى كېسەلنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — ئاياللار ئاق خالاتلىق كىشىدىن سوراشتى.

— ئەمەي، بۇ سىلەرمۇ؟ — دېدى ئاق خالاتلىق كىشى خۇشخۇيلۇق بىلەن. — سىلەرنى قانداق شامال بۇ جايلارغا ئۇچۇرۇپ چىقتى؟...

— ھە، ... بۇ سىزمۇ، مەي دوختۇر؟ كەچۈرۈڭ تونۇماي قاپتۇق ئەمەسمۇ؟

— ئاياللارمۇ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

— سىلەر ئىزلەپ چىققان كىشى ئۈسمە كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغانمۇ؟

— ھەئە، بىزنىڭ تالانتلىق ئۇسۇلچى سەپدىشىمىز ئىدى، — دېدى ئاياللارنىڭ بىرسى پەس ئاۋازدا جاۋاپ بېرىپ، — بىچارە ئۆلۈك راكى ئىكەن.

— تېخى ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ قاپتىكەن دەڭا، — يەنە بىرسى قوشۇمچە قىلدى.

«ئۆلۈملۈك راك؟!» — ... بۇ سۆز زۇمرەتنىڭ يۈرىكىگە گويا زەھەرلىك خەنجەردەك سانچىلىپ چىدىغۇسىز ئاغرىقنى پۈتۈن ئەزايىغا تارقىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، قۇلاقلىرى ۋىڭىلدايتتى.

ئالا ھەزەل بىرەر سائەتلەردىن كېيىن دوختۇرلار ئۇنى ھېلىقى تار كارىدوردىن — تامغا يۆلىنىپ، ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان يېرىدىن تېپىشتى.

## 14

زۇمرەتنىڭ قۇلىقىغا ھېچقانداق گەپ كىرمەيتتى. مەسئۇل دوختۇر نۆۋەتچى سېستىراغا ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىماسلىقنى تاپىلاپ چىقىپ كەتتى.

زۇمرەت ھامان تام تەرەپكە قاراپ ياتاتتى. خىيالىدا باش - ئايىغى يوق خىلمۇ - خىل پىكىرلەر ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. كۆز ئالدىدا بىردە ياشانغان ئانىسىنىڭ قىياپىتى پەيدا بولاتتى. بىردە ئىككى بالىسى گەۋدىلىنەتتى. بىردە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەشىق زالى ۋە ئۆرىنىڭ ئەرتىس سەپداشلىرى پەيدا بولاتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا قاياقتىندۇر سابىتنىڭ قىياپىتىمۇ گەۋدىلىنەتتى ... ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلايتتى. نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدىن ئۆتەتتى. رەھىمسىز ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى دەھشەتلىك لەرزىگە كەلتۈرۈپ، پىكىرلىرىنى ئوختەي - توختەي قىلىۋەتكەن ئىدى. ئەمما ھاياتتا ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆز يولى ۋە چېكى بولىدۇ. باشلانمىش بولغان ئىكەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئاخىرلىشىمۇ بولىدۇ

-دە، ... تۈنۈگۈنكى كۈن ۋە پۈتۈن بىر كېچە ئاشۇنداق بىسەرەمجانلىقتا ئۆتكەندىن كېيىن، گويا قايناۋاتقان قازاندىكى سۇ ئاستا - ئاستا توختاپ. ئۇنىڭ ھورىمۇ ئاستا - ئاستا پەسىيىپ تۈگەپ قالغاندەك خىياللارمۇ، كۆرۈنۈشلەرمۇ، قورقۇنچمۇ ئاستا - ئاستا سۇسلىشىپ غايىپ بولۇشقا باشلىدى. قاتتىق چارچىغان نېرۋىلار ئاستا - ئاستا تورمۇزلىنىپ، ئاخىر زۆھرەتنى خامۇش ئۇيقۇغا ئېلىپ كەتتى.

ئۇ كۆزىنى ئېچىپ يېنىدا تۇرغان سېستىرانى ۋە پارقىراپ تۇرغان ئاسما ئوكۇل جازىسىنى كۆردى. ئۇنىڭغا يەنە ئاسما ئوكۇل بېرىۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمىۋالدى. «ئاخىرقى باسقۇچتىكى ئۆلۈك راكى!...» بۇ سۆز ئۇنىڭ مېڭىسىدە يەنە تەكرارلاندى. لېكىن بۇ قېتىم بۇ سۆزنىڭ قورقۇنچ سىياش ۋەھىمىسى ئۇنچە قاتتىق بىلىنمىدى. ئۆلۈك راكى يەنە كېلىپ ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەن. بۇ دېمەك، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ ئاخىرلىشىپ قالغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئېسىگە شۇ ھامان پاكىستاننىڭ «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» ناملىق كىنو فىلىمىدىكى رۇخسارى كەلدى. ئۇ نېمە راكى ئىدى؟ ھە، جىگەر راكى، ئاھ، بىچارە رۇخسارى!... زۆھرەت ئاشۇ كىنونى بىرىنچى قېتىم كۆرگىنىدە رۇخسارىغا ئېچىنىپ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ياش تۆككىنىنى ئەسلىدى.

كىنودىكى كۆرۈنۈشلەر ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. رۇخسارى قورققانمىدى؟ ھەئە، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا دەھشەتكە چۈمگەن. لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان. بۇ ئىشنى سۆيۈملۈك ئېرى خەمىتتىن يوشۇرغان ئىدى. نېمە ئۈچۈن؟ — خەمىت بۇ ئىشنى ئاڭلىسا بولغۇسى جۇدالىققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. بىراق زۆھرەتنىڭ كېسىلىنى ئاڭلىسا

بەرداشلىق بېرەلەيدىغان «خەمەت» مۇ يوق. ئەمما، ئۇنىڭ ياغۇز، قېرى ئانىسى، ئىككى بالىسى بار. ئۇلار بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ ... زۇمرەت تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئۆزىنى دەھشەتكە سالغان قورقۇنچنى ئەسلىدى. «بۇ قورقۇنچ نەدىن كەلدىكىنە؟ ئۆلۈمدىن! ئۆلۈم شۇنچىۋالا قورقۇنچلۇقمىدۇ؟ قورقسىمۇ، قورقـمىسىمۇ بەربىر، ئادەم ھامان ئۆلىدىغۇ؟ دېمەك، مەن تىرىكۇ يۈرەك ئىكەنمەن-دە... تېخى مەن ئۆزەمنىڭ شاگىرتلىرىمنى ئانچىكى بىر ئىش ئۈچۈن «ھۇ توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاقلار» دەپ ئەيىبلەيتتىم ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە قورقۇنچاقلار ئۇلار ئەمەس، مەن ئىكەنمەن-دە...» مۇشۇلار خىيالغا كېلىش بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇسۇلچى شاگىرتلىرى كەلدى. ھەي ... زۇمرەتنىڭ كېسىلىنى ئۇلار ئاڭلىسا نېمە دەر؟! ئەنە دوستى ئاسىيە بىلەن پەرىدەلەر يىغلاۋاتىدىغۇ؟ ئەنە باشقىلارمۇ شۇنداق. «ياق، ياق! سۆيۈملۈك سىڭىللىرىم، ئىنىلىرىم. دوستلۇرۇم، يىغلىماڭلار! مەن ئۇنداق كېسەل ئەمەس، مەن، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردىن ياش چىقىشىنى خالىمايمەن» زۇمرەت چاچراپ بېشىنى كۆتەردى.

— ھەدە، نېمە بولدىڭىز؟ قوزغالماڭ! — ... ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان سېستىرا ئىتتىك يېقىن كېلىپ ئۇنى ئەركىلاپ ياتقۇزۇپ قويدى.

زۇمرەت ھاسىراپ ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئالاتتى. چېكىلىرىدىن ئاققان تەر يۈزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى، سېستىرا پاكىزە ئاق لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سۈرتتى.

ھەدە، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، بۇنداق قىلماڭىز... ئۆزىڭىزگە پايدىسىز... — سېستىرا خۇددى يالۋۇرغاندەك ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە ئۇرۇناتتى. زۇمرەت كۆزىنى ئېچىپ

سىپىتىراغا قارىدى. سىپىتىرا ئۇنىڭغا خەيرىخاھلىق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پەقەت ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىلا بولىدىغان ئىنتايىن چىرىگۈر سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ناتونۇش بولغان بىر كىشىگە نېمە ئۈچۈن بۇنداق خەيرىخاھلىق، سەمىمىيلىك قىلىدۇ؟ بۇ قىز ۋە يەنە ئۇنى داۋالاۋاتقان باشقا دوختۇرلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، پاي - پېتەك بولۇشماقتا. بولا ئەمەس، بېيجىڭدىكى دوختۇرلار شۇنداق قىلىشقان ئىدى. تېخى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىدىكى خادىملار ۋە مەدەنىيەت نازارىتىدىكى ئۆزى ئۈچۈن چېپىپ يۈرگەن خادىملارنى دېمەمدىغان! ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپ كۆيۈنۈشۋاتىدىغۇ؟

«شۇنچىۋالا ئادەم ساڭا كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، ساقىيىپ قالىسىكەن، دەپ ئۈمىت قىلىشىپ ئەتراپىڭدا چۆگىلەپ يۈرگەنلىرىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ، يەنە سەن قىرقىپ - تىترەپ ھوشۇڭنى بىلمەي ياتساڭ ئۇيات ئەمەسمۇ؟ بۇپتۇ، «ئاخىرقى باسقۇچىدىكى كېسەل» بولسا بولار، ئاز بولسىمۇ كۆرىدىغان كۈنۈڭ بار ئىكەنغۇ، قىرقىساڭمۇ قىرقىمىساڭمۇ بەرىبىر بۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىككەن، قىرقىپ تىترەپ ئۇدۇنياغا كەتكەندىن كۆرە، قۇربىڭنىڭ يېتىشىچە يەنە تىرىشىپ - تىرمىشىپ يەنە ئازراق ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ كەتمەمسەن!.. سەن خەلقنىڭ بىر سەنئەتكارىغۇ؟! يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان شۇغۇللانغان سەنئىتىڭنىڭ ئەسلىدىكى مەقسىدى زادى نېمە ئىدى؟ كىشىلەرگە روھى ئوزۇق بېرىپ ئالغا قاراپ پەرۋاز قىلىشقا يېتەكلەپ، ھەرقانداق شارائىتتا ئومۇتۋار بولۇشقا، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن ئىدىغۇ؟ ئورنىڭدىن تۇر! يىغلاش

زۆمرەت ! دوختۇرخانىدىن چىقىپ، دەرھال يۇرتۇڭغا ـــ سېنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان سەنئەت ئۆمىكىڭگە قايت ! ...»

زۆمرەت يەنە ئون كۈندىن كېيىن ئايروپىلان بىلەن ئۆز يۇرتىغا ئۇچۇپ كەتتى. بۇ ـــ 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى.

15

زۆمرەتنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە يېرىم ئاي بولۇپ قالدى.

ئۇ ئۆيدە بىر ياقتىن داۋالىنىپ، بىر ياقتىن دەم ئېلىۋاتاتتى. بۈگۈن ئۇ ئادىتى بويىچە ئەتىگەن ئورنىدىن تۇردى ۋە دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئەتراپنىڭ ئاپپاق قار بىلەن پۈركەنگەنلىكىنى كۆردى. نېمە دېگەن چىرايلىق - ھە! ھويلا، دەل - دەرەخلەر، ئۆگزىلەر خۇددى ئاپپاق چېچەكلەر بىلەن كۆمۈلگەندەك تازا ۋە گۈزەل بولۇپ كەتكەن. ئۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا، مۇشۇنداق قار ياققان كۈنلىرى سىرتتىن كىرمەي قار ئۇستىدە دومىلاپ ئوينىغانلىرىنى، باللار بىلەن «قار بوۋاي» ياساپ، ئۆز - ئارا قار ئېتىشىپ ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا يۈگۈرۈشكەنلىرىنى، تۈنجى قار ياققان ئەتىگىنى كۆڭلى تارتقان كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ «قارلىق» تاشلاپ قاچقانلىقلىرىنى ئەسلەپ كەتتى...

ئۆيگە ئاسىيە كىرىپ كەلدى.

ـــ بىر يەرگە بارىدىغاندەك كىيىنىۋاپسەنغۇ؟

ـــ بۈگۈن ئىشقا چىقاي دەۋاتىمەن، ـــ زۆمرەت دەرىزىدىن كۆزىنى ئېلىپ جاۋاپ بەردى.

ـــ ئىشقا ؟ ! ـــ ئاسىيە ئەجەپلىنىپ قاراپ قالدى، ـــ شۇ تاپتا چىقماقچىمۇ سەن؟

ـــ ھەئە، زېرىكتىم، ئىشقا چىقاي.



زۇمرەت مەشق زالىغا كىرگەندە، بىر خىل، چىرايلىق مەشق كىيىملىرىنى كىيگەن ئەرتىسلەر ئۆزىدىن تۆت قاتار بولۇپ رەتلىك تىزىلىپ ئەتىگەنلىك مەشقنى باشلىۋەتكەن ئىدى.

زۇمرەت ۋۇجۇدىدا ئىللىق بىر سېزىمنى سەزدى، ئۇ، مەشق ئىشلەۋاتقان ئەرتىسلەرگە قارىدى. نەچچە ئونلىغان جۈپ كۆزلەر تەڭلا ئۇنىڭغا تىكىلگەن ئىدى. زۇمرەت بېشىنى ئېگىپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتى - دە، زالنىڭ ئوتتۇرىدىكى دەرىزە تەرەپكە كۆز تاشلىدى. ئۇ، ھەر دائىم چارچاپ كەتكەندە ئولتۇرىدىغان ئىدىغىنە ئىككى كىشىلىك بەندۈك بۇرۇنقىدەكلا ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، بۇ يەردىن ھەممە ئەرتىسلەرنىڭ ھەركەتلىرىنى تولۇق كۆرۈپ ئولتۇرۇشقا بولىدۇ. زۇمرەت بېرىپ شۇ بەندىڭگە ئولتۇردى. بىردىن ئۇنىڭ كۆزى ئاخىرقى قاتاردا مەشق قىلىۋاتقان چوڭراق كىشىگە چۈشتى، بۇ، ئەبەي ئىدى، زۇمرەت ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى يۇ، قەلبىدە بىردىنلا قوزغالغان ئەلەملىك تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭغا قاراپ سالدى، «قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالغاندۇر، كېيىنكى ئايلى بىلەن قانداقكىن؟ ياكى مەس بولۇۋېلىپ ئۇنىڭغىمۇ بۇرۇنقى ئايلىغا ئوخشاش ئازاپ سالامدىكىن؟ قارىساڭ چىرايىدىن تۈزۈكلا ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ...» زۇمرەتنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ بىر چاغلاردىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر غىل - پال ئۆتۈشكە باشلىدى.

...ئەنە، تەۋۇلىمگى ئۈچ غاچىقتان بىر تۈركۈم ئادەملەر دەھشەتلىك شۇئار سادالىرىنى ياڭرىتىپ ئابدۇقادىر ئاكا بىلەن

زۇمرەتلەرنى كۆرەش قىلماقتا...دەنە، دەبەي سەھنىگە سەكرەپ چىقىپ زۇمرەتنىڭ چاچلىرىنى قاماللاپ بېشىنى ئارقىغا تارتتى. ۋە «سەن ئۆمىگىمىزدىكى ئۇچغا چىققان بۇزۇق!» دەپ ۋاقىرىدى. بۇ قىپ-قىزىل تۆھمەتقۇ؟ كىشىلەر بۇ تۆھمەتكە ئىشىنەمدىغاندۇ؟!...سابىتچۇ؟

راست، سابىت چىداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ بۇ تۆھمەتكە ئىشەندى. زۇمرەتكە نىكادىن ئاجراشماقچى ئىكەنلىگىنى ئېيتتى. زۇمرەت ئاخىر ئاجرىشىش قەغىزىگە قول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

زۇمرەت ئاشۇلارنى ئويلاۋاتقاندا يۈرىگىنىڭ گال پىچاق بىلەن تىلىغاندەك چىدىغۇسىز ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىغىنى سەزدى.

17

بىر كۈنى، كەچلىك ئىشتىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا، ئاسىيە زۇمرەتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاستا پىچىرلىدى:

— ساڭا بىر پارچە خەت كەپتۇ.

— خەت؟ كىمدىن؟

— ئۇقۇساڭ بىلىسەن، يۈر، سىرتقا چىقايلى! ئاسىيە خەتنى زۇمرەتنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىلا بەردى. زۇمرەت قېلىن كونۋېرتنىڭ ئۇستىدىكى يېزىقلارنى كۆرۈپلا خەتنىڭ ئىگىسىنى بىلدى. خەت سابىتتىن ئىدى. زۇمرەتنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ خەت تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى تىترىدى. ئاسىيە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ كونۋېرت ئاغزىنى ئېھتىيات بىلەن يىرتىپ ئاچتى.

— سابىتنىڭ بىر قانچە بەتلىك قولىيازمىسى ئارىسىدىن ئاغزى يەملەنمىگەن يەنە بىر كونۋېرت چىقتى. زۇمرەت ھەيران بولۇپ ئۇ كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە قارىدى. ئۇنىڭغا «سابىتقا تېگىدۇ» دېگەن خەتلا يېزىلغان بولۇپ، ئاستىغا باشقا خەت يېزىلمىغان ئىدى. زۇمرەت ئالدى بىلەن سابىتنىڭ خېتىنى ئوقۇدى.

سالام زۇمرەت!

ھېسابلاپ باقسام بىزنىڭ ئايرىلغىنىمىزغا ئون ئۈچ يىل بوپتۇ، ئەگەر مەن بىر ئەدىبىياتچى بولغان بولسام، ئاشۇ يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرىمنى، ھېسسىياتىمنى ئەينەن ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ سۈرەتلەپ چىققان بولار ئىدىم. ئەپسۇس، بۇغداي، قوناق يېتىشتۈرۈشتىن باشقا ئىشقا ئانچە ماھىر ئەمەس ئىكەنمەن، لېكىن، ھەيلى نېمىلىكى بولمىسۇن، ئۆتكەن ئىشلارنى ساڭا يېزىشىم، سېنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىم لازىم ... زۇمرەت! قەلبىڭدە ماڭا نىسبەتەن غەزەپ — نەپرەتنىڭ قانچە كۆپ بولسىمۇ قەددىناسلىق، تۇنجى پاك مۇھەببىتىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە خېتىمنى ئوقۇپ چىقىشىڭنى ئىلتىماس قىلىمەن! مەن خاتا قىلدىم، سەن تۆھمەتكارلار تەرىپىدىن ناھەق ھۇجۇملارغا ئۇچراپ ئازاپلىنىۋاتقان چېغىڭدا مەن ساڭا يار - يۆلەكتە بولۇشنىڭ ئورنىغا، تۆھمەتكارلارنىڭ كۈتكىنىدەك ھەركەت قىلىپ، سېنىڭ ۋىجدان ئازاۋىڭغا ھەسسىلەپ ئازاپ قوشتۇم، ئىش مۇنداق باشلاندى:

ھېلىقى لەنىتى ئىنقىلاپنىڭ قۇيۇنى تەرەپتىن ھۆكۈرەپ بېسىپ كەلگەندە بىزمۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش چۆچۈپ، تىكىرقاپ قالغىنىمىزنى سەنمۇ بىلىسەن، كېيىنچە قۇيۇن كۈچىيىشكە ۋە تېخىمۇ دەھشەت بىلەن رەھىمسىز بورانغا ئايلىنىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىگە ئۆزىنىڭ تاش شېغىللىرىنى

ئۇرۇشقا باشلىدى. تېكىرقاش، گاڭگىراش ھەسسىلەپ ئېشىپ، بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتى، دەل ئاشۇنداق بىر پەيتتە بۇ بوران بىزنىڭ ئالدىمىزگە بېسىپ كىردى. سەن تارتىپ چىقىرىلدىڭ، ماڭا شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە كىشى مېنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، ماڭا لەنەت-نەپرەت ياغدۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى دىگەندەك، بەزى تۇققانلىرىم ھەم بەزى يېقىنلىرىممۇ مېنى ئەيىپلەشكە باشلىدى.

— سەندە نومۇس يوقمۇ؟ — دېيىشتى ئۇلار ماڭا ئېچىنىش ۋە كۆيۈنۈش ھېسسىياتلىرى بىلەن قارىشىپ، — ئۇنى قويۇۋەتكىن!

مەن سېنى ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن، ئۇستۇڭدىن چىقىۋاتقان گەپلەر ئالدىدا گاڭگىراپ قالدىم. مېنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىم، بىر غايىۋى كۈچلۈك قىزىل تەرىپىدىن پىقىرىتىپ تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىنكى بېشى گاراڭ بولۇپ ئورنىدىن تۇرالماي قالغان كىشىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىچىملىك دەردىمگە دەرمان بولىدىغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. بۇ ئىشتا مەن يېڭى ئۇلپەتلەرنى تاپقان ئىدىم. بۇ سېنىڭ ئۆمەكتە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان مەزگىللىرىڭ ئىدى.

مەن دەسلەپ ئۈچ-ئۆت كۈندە بىر نۆۋەت، كېيىنچە ھەركۈنى دېگۈدەك ئىچىش سورۇنىغا كېلىدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى بىز پۈتۈن بىر كېچە بىرسىنىڭ ئۆيىدە ئىچىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇلارنىڭ بىرسى سىلەرنىڭ ئۆمەكنىڭ شۇ چاغدىكى باشلىغى ئەمەر پاختەك ئىدى. بىرسى كىنوچى، ئىككىسى شەھەرنىڭ قايسىدۇر بىر ئىدارىلىرىدە ئىشلەيدىغان يىگىتلەر ئىدى. ئىچىش سورۇنىدىكى پاراڭنىڭ باش-ئايىغى ۋە تىزگىنىنى بىلمەيدۇ. پاراڭ ئايلىنىپ ماڭا كۆچتى. ئۇلار

ئاۋال ماڭا ھەسسىداشلىق قىلغان، ئۈچ ئاغرىتقان تەرىزدە گەپ قىلىشتى. بارا - بارا گەپ چوڭقۇرلاپ سەن بىلەن ئەبەي ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە كۆچتى. ئۇلار ئەبەي بىلەن سىنىڭ ئوتتۇرىڭدا بۇرۇندىنلا بىر خىل غەيرى مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى ماڭا دارىتمىلاپ سەزدۈردى. نومۇس ۋە ئەلەمدە كەيپىم چۈ-شىلىگەم تېخىمۇ ئۆرلىدى. رومىكىنى تاشلاپ ھاراقنى پىيالىگە تولدۇرۇپ بىرلا كۆتىرىپ ئىچىۋەتتىم. ۋۇجۇدۇمدا ئاچچىق، تەلۋىلەرچە غەزەپتىن باشقا سەۋىر ۋە ئەقىلغا تارتىدىغان زەررىچىلىكمۇ كۈچ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئالدىدا «ئەگەر ئەتىلا زۆھرەتنىڭ خېتىنى بەرمەيدىغان بولسام يىگىتلىك نامىم قۇرىسۇن!» دەپ قەسەم قىلدىم. ئەتىسى ئەممىر پاختەك مېنى يەنە ئىزلەپ كەلدى.

— بۇ قېتىم مەن سىزنى تەشكىل نامىدىن ئىزدەپ كەلدىم، — دىدى ئۇ كولۇپ ۋە يانچۇغىدىن بىر پارچە خەت چىقاردى، — سىزنى ئەمدى خەۋەردار قىلمىساق بول-مايدۇ، زۆھرەتنىڭ تويۇڭلار بولۇشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئەبەيگە ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتى، ئوقۇپ كۆرۈڭ!

مەن خەتنى ئاچتىم. خەتتە، سىنىڭ ئەبەينى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭ پەقەت ئۆزۈڭگىلا مەلۇم بولغان مۇھىم بىر سەۋەپ تۈپەيلىدىنلا مەن بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا رازى بولغانلىقىڭ ئېيتىلىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاداقەتچە سادىق بولغانلىقىڭ ھەققىدە ۋەدىلەر بېرىلگەن ئىدى. خەتتىن سىنىڭ پوچۇركاڭنى ئېنىق تونۇدۇم. پاكىت شۇنداق تۇرغاندا قانداقمۇ ئىشەنمەسلىگىم مۇمكىن!؟ كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، نىمىلەرنى دىگەنلىگىم ئېسىمدە يوق، پەقەت ئەلەم ۋە غەزەپتە خەتنى يىرتىپ ئالقانلىرىمدا

چىڭ تۇتقانلىغىمنى، ئىنىمىزنىڭ ئالدىراپ قولۇمغا ئېلىپ: «بۇ بىر قارا يېپىنىڭ ئارخىۋىدىكى ماتېرىيال، يىرتىۋېتىشكە بولمايدۇ...» دەپ، ئۇنى ئېلىۋالغانلىغىنى ئېسىمدە. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدىكى ئىككىلىنىشلەرگە سەۋەبچى بولۇپ تۇرغان بارلىق ئۇنۋەت يىپلىرى ئۈزۈلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ساڭا نىكادىن ئاجرىشىدىغانلىغىمنى ئېيتتىم، بىز ئاجراشتۇق.

كېيىن مەن بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ سابىق ئىدارە باشلىغىمىزغا سۆزلەپ بەردىم. نېمىشقىدۇ ئۇ كىشى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلماي ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن، بىردىنلا: شۇ خەت راستىنلا زۇمرەتنىڭ پۈچۈركىسىمىدۇ؟ ئۇنداقتا نېمىشقا ئۇ خەتنى ئىنىمىز سىزگە تاشلاپ كەتمەيدۇ؟...» دېدى. مەن دەسلەپتە ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەن ئىدىم. لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نېمىشقىدۇ ئاشۇ سۆز دائىم كۆڭلۈمگە كىرىۋېلىپ، بارا ـ بارا مېڭەمدە زادىلا يوقالماس بىر سوئالنى پەيدا قىلدى. شۇ ئاي، شۇ يىللاردا مەن بۇ سوئالنى كىمگىدۇ ئېيتىپ جاۋابىنى تېپىشىم مۇمكىن ئىدى! ياخشى نىيەتلىك بىر قانچە دوستلىرىم بۇ ھەقتە ئۇنى ـ بۇنى دېيىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دەۋاتقانلىرى پەرەز ۋە گۇماندىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. مەن كۆڭلۈمدە نېمىندۇر كۈتەتتىم، نېمىندۇر ئۈمىت قىلاتتىم. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ساڭا باغلانغان كۆڭۈل رىشتىمىنىڭ ئۈزۈلمىگەنلىگىنى ۋە ئۇنى ئۈزۈشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىگىنى ئېنىق ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

ئاتا ـ ئانام، تۇققانلىرىم مېنى قايتىدىن ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىشماقچى بولۇشتى. مەن، ئۇلارغا ئەمدى باشقا بىر قىزغا

مۇھەببىتىمنى بېرەلمەيدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردۇم ...»

زۇمرەت خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇيالمىدى. كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىلا ئۇ ئۆزىگە كېلىپ، خەتكە يەنە كۆز تاشلىدى.

«مەن كاللامغا مەھكەم ئورنىشىۋالغان ھالقى سوئالنىڭ جاۋابىغا ساقمۇ — ساق ئون ئۈچ يىلدىن كېيىن ئېرىشتىم. جاۋابىنى بىزگە بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەن ئىككى كىشىنىڭ بىرسى — ئەبەي بەردى. بۇندىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۇ تۇيۇقسىز مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى. مەن بۇ نەپرەتلىك كىشىنىڭ ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە نېمە مەقسەت بىلەن مېنى ئىزلەپ كېلىپ، يۈز كۆرشۈشكە جۈرئەت قىلغانلىقىنى چۈشەنمەلمەي، بەدەنلىرىم تىكەنلەشكەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، يەرگە قارىغىنىچە بوش ۋە تىترىگەن ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— سابىت، مەن ... گۇناھكارمەن، مېنى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ۋىجدان ئازاۋى ئېلىپ كەلدى. مېنى تىللاڭ، ئۇرۇڭ! سىلەرنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىڭلارنى ۋەيران قىلغۇچى قارا تەسكەنمەن! — ئۇ ئالدىمدا موكچىيىپ، بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى. مەن غەزەپ-نەپرەتتىن تىترەيتتىم، زۇمرەت! مەن سېنىڭ مېنى كەچۈرمەسلىكىڭنىڭ ئويلىنىپ دەگسەپ كۆردۈم. ھەقىقەتەنمۇ باشقىلارنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا يول قويغان ساددىلىقىم، ئالدىراڭغۇ، چىدىماسلىقلىرىم ۋە شۇ تۈپەيلى سادىر قىلغان خاتالىقىمنىڭ كەچۈرگۈسىز ئىكەنلىگىنى چۈشىنىمەن. لېكىن مەن، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن چۈشەنمەسلىكلەرگە سېنى توغرا مۇئامىلە قىلدۇ،

كۆڭلۈمنى چۈشىنىدۇ، شۇنداقلا ئىككى سۆيۈملۈك پەرزەنتىنىڭ يۈزىدىن بولسىمۇ ئۆز گۇناھىنى تونۇغان ئەقىلسىزنى كەچۈرىدۇ دەپ ئىشەندىم ...

پاك مۇھەببىتىم بىلەن سالام يوللاپ: سابىت.

1981 - يىل 18 - مارت

زۇمرەت خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، دېۋانغا يۆلەنگىنىچە ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇردى. چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتكەن، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ھەركەتسىز، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى خۇددى قېتىپ قالغان ھەيكەلگە ئوخشايتتى. مېڭىسىدە ھېسابسىز پىكىرلەر، كۆز ئالدىدا، بىردە سابىت، بىردە بالىلىرى، بىردە ئانىسى، بىردە ئەبەينىڭ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ سابىتتىن كەچۈرۈم سوراۋاتقان قىياپىتى گەۋدىلىنەتتى.

## 18

سەنئەت ئۆمىكى «كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇلنى ئىشلەپ پۈتتۈردى. زۇمرەت بۇنىڭ بىلەن كۆڭلىدە چەكسىز ئىپتىخارلىق ۋە شاتلىقنى سەزدى. ئەتە ئويۇن رەسمىي قويۇلماقچى، بۈگۈن ئۇلار تىياتىرخانىدا ئاخىرقى گېنېرالنى رەپىتىسىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇشۇۋاتاتتى.

—سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىلساڭ بولاتتى، قىزىم،— دېدى ئانا، ئۇنىڭ ئورۇقلاپ، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا ئەندىشە بىلەن قاراپ،— بۇنداق كۆچىنىپ كەتسەڭ كېسەللىككە زىيانلىق. ئانىنىڭ ئاۋازى شۇنچە مېھرىۋان ۋە مۇلايىم ئىدى.

زۇمرەت ئانىسىغا بىر ھازا قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئا-
نا قېرىپ، ئورۇقلاپ بۇرۇنقىدىن كۆپ پاكارلىشىپ قال-
غاندەك كۆرۈندى. مۇشۇ كىچىككىنە، ئاجىز گەۋدە ئۇنىڭ سۆ-
يۈملۈك، ۋاپادار، كۆيۈملۈك ئانىسى. ئۇ زۇمرەتنى بېقىپ چوڭ
قىلغان، يالغۇز ئۇنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنىمۇ بېقىپ
قاتارغا قوشقان...«بىچارە جاپاكەش جېنىم ئانام!... قىزىڭىزنىڭ
كېسەللىكىنى ئاڭلاپ قالسىڭىز نېمە بولۇپ كېتەرسىز!؟...» زۇم-
رەت ئېرىلغانسېرى كۆڭلى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، ئانىسى-
نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئاستا، خۇددى ئەركىلەۋاتقاندەك قۇ-
چاقلىدى.

— ئەنسىرىمەڭ ئاپا.

زۇمرەت ئۆيدىن چىقتى. بۈگۈنكى گېنېرال رېپېتىسىيىگە
ۋىلايەت ھەم شەھەر باشلىقلىرى كېلىشكەن ئىدى.

ئويۇن تاماملانغاندا ھەممە باشلىقلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ،
ھاياجانلانغان، مەمنۇن بولغان ھالدا ئۆزۈنىچە چاۋاك چې-
لىپ، ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلەشتى.
چاۋاكلار چېلىنىۋاتقاندا زۇمرەت سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۆ-
رە تۇراتتى، تۇساتتىن ئەرتىسلەرنىڭ بىرسى ۋاقىرىۋەتتى؛

— زۇمرەت ئاچام!

سەھنىدىكىلەر چۆچۈپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى، زۇمرەت سەھ-
نە تېمىغا يېقىن يەردە يىقىلىپ ياتاتتى، ئەرتىسلەر كېلىپ
ئۇنى يۆلەشكەندە، ئۇ ئاللىقاچان ھوشىدىن كېتىپ قالغان
ئىدى... دوختۇرخانىنىڭ جىددى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە بىر
قانچە دوختۇرلار پاي-پېتەك بولۇشۇپ كىرىپ چىقىشىۋاتاتتى. بۇ
يەرگە دوختۇرخانىدىكى ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ باش دوختۇر-
لىرى يىغىلغان ئىدى. كارىدورنىڭ كىرىش ئىشىگى يېنىدىكى

بۇش بۆلۈمىدە ۋىلايەتنىڭ ئىككى مەسئۇلى — بىر مۇئاۋىن ۋالىيسى، بىر مۇئاۋىن شۇجى، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۈچ مەسئۇلى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى جىددى، قاراشلىرىدىن تولىمۇ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۆلۈمگە دوختۇرخانا باشلىقى كىرىپ كەلدى. ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراشتى.

— ئاخىرقى باسقۇچتىكى يىلىك راكى! — دېدى ئۇ ئاستا.

— ئاخىرقى باسقۇچتىكى؟!... — ئابدىقادىر ئاكا چۆچۈپ كەتتى.

— شۇنداق. پايتەخت دوختۇرخانىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىق دىئاگنوز قويغان، كېسەلنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ئالدىن قىلغان مۆلچەرىنىڭ تامامەن دەل چىققانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، راك ھۈجەيرىلىرى ئۇنىڭ ئۆپكىسىگىمۇ كۆچكەن.

بۆلۈمدە بىردەم ئېغىر ۋە سۈرلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، بۇ جىمجىتلىقنى پارتكومنىڭ شۇجىسى بۇزدى:

— زۇمرەتنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ باقساق قانداق بولار؟

ۋالىمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى:

— شۇنداق، مەنمۇ قولىمىزدىن كېلىشىچە بارلىق چارە-ئاماللارنى قىلىپ كۆرسەك دەيمەن...

ھەممەيلەن دوختۇرخانا باشلىقىغا ئۈمىت بىلەن قاراشتى.

— بىزمۇ بۇنى ئويلاشقان، لېكىن ...... ئەمدى، نەگە ئېلىپ بارساقمۇ بەربىر، كېسەلنىڭ پەقەت بىر قانچە كۈنلۈككىلا ئۆمرى قالغان.

X

— زۈمرەت، ئاداش، كۆزۈڭنى ئاچقىنا، سابىت سېنى يوقلاپ كەپتۇ...— ئاسىيە يېرىم ھوشسىز ھالەتتە ياتقان زۈمرەتكە قاراپ ئىلتىجا قىلدى. «سابىت» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ، زۈمرەتنىڭ كىرپىكلىرى تىترەپ كەتتى. سابىت زۈمرەتنىڭ يېنىغا تېخىمۇ يېقىنراق كەلدى. ئېڭىشىپ تۇرۇپ، ھەسرەت ۋە ھاياجان ئارىلاشقان ئاۋاز بىلەن ئۇنى ئاستا چاقىردى:

— زۈمرەت!

زۈمرەتنىڭ كىرپىكى ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئېقى ئاق، قارىسى قارا، سۈزۈك چىرايلىق كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى.

— سابىت ... دېدى زۈمرەت پەس ئاۋازدا ئاران.

سابىت ئۇنىڭ كەڭ- ئۇچۇق، پىشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى تۈزەپ، پىشانىسىنى سىلىدى.

— بىچارە، يالغۇز ئانام...باللار...سىزگە قالدى!... — زۈمرەت ئۈزۈپ- ئۈزۈپ پىچىرلىدى.

سابىت ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. كۆزلىرىدىن ياش تارامىلاپ تۆكۈلدى.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ سىزنىڭ ئانىڭىزمۇ ئانام! مەن سىزگە ئۆمۈر بويى ھەمرا بولىمەن، باللارنى ئۆز قولۇمدا تەربىيلەيمەن! — دېدى ئۇ زۈمرەتنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ.



شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ، زۈمرەتنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىر- لاشتى. ئۇ ئەمدى كۆزىنىمۇ ئاچالمايتتى. دوختۇرلار پاي- پىتەك

بولۇشۇپ، ئۇنىڭغا بىر تېپىلاندۇرغۇچى دورىلارنى ھەم ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلارنى ئىچكۈزۈشتى. بۇرنىغا كىسلاروت نەيچىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بېلىكىدىن ئاسما ئۇكۇل بېرىلىۋاتاتتى. دوختۇر، سېستىرالار ياتاقتا سابىتتىن باشقا ھېچكىمنى كىرگۈزۈشمىدى. سېستىرا سوغاق سۇغا چىلانغان لۆڭگىنى چىڭ سىقىۋېتىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويدى.

ئاھ، ئۇ ئۆز كەسپىگە نەمە دېگەن چوڭقۇر، چەكسىز مۇھەببەت باغلىغان - ھە!...

تاڭ سۈزۈلۈپ، ئەتراپ يورۇشقا باشلىغان. قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى تۈننىڭ ئاخىرقى كۆلەڭگۈسىنى ئاستا - ئاستا ھەيدىمەكتە ئىدى. زۇمرەتنىڭ كۆزلىرى ئاشۇ نۇرلاردىن ئۈزۈلمەيتتى. گويا ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا زېمىننىڭ بۇ نۇرلۇق تېڭىنى كۆرەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك، گويا بۇ يورۇق تاڭنىڭ نۇرلۇق ھاياتبەخش سىماسىنى قەلبىدە مەڭگۈ ئورۇنلاشتۇرۇۋالماقچى بولغاندەك كۆزلىرىنى كۈچ بىلەن چوڭ ئېچىپ، نۇرغا تەلمۈرەتتى...

تالا يورۇپ كەتتى. زۇمرەت گويا ئاشۇ نۇرلارغا تويغاندەك كۆزلىرىنى ئاستا يۇمدى...

## خاتىمە

1984 . يىل، يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى ئاخشىمى. ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىنىڭ ھەشەمەتلىك زالىدا يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش بىرلەشمە ئاخشىمى — ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. تىياتىرخانىنىڭ ئىچى ھەرمىللەت تاماشىبىنلىرى بىلەن لىق تولغان. ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى سەنئەت تارماقلىرى ئۆزلىرىنىڭ

يېڭى يىلغا بېغىشلانغان سەنئەت نومۇرلىرىنى بىردىنىڭ ئارقىسىدىن، بىرى كۆرسىتەتتە.

نۆۋەت شىنجاڭ سەنئەت مەكتىۋىگە كەلدى. ئېلانچىك سەھنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئېلان قىلدى:

— نۆۋەتتىكى نومۇرىمىزدا، ئاتاقلىق دۇسۇل ئىجادىيەتچىسى مەرھۇم زۇمرەت ئىجادى رەتلەپ چىققان يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇل — «ئاتۇش ئۈزۈملىسى» ئورۇنلىنىدۇ. يولتۇز زالدا كۈچلۈك ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. سەھنىگە ئون تۆت - ئون بەش ياشلارغا كىرگەت كىچىككىنە قىز چىقىپ كەلدى.

— پاھ! بۇ بىر كىچىك پەرىزاتقۇ!؟ — دېدى ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان بىرسى ھاياجىنىنى باسالماي.

ئۈزۈمچى قىز سەھنىدە چېۋەرلىك بىلەن پەرۋاز قىلىۋاتاتتى.

— قاراڭ، بىزدە ھېلىداق تالانتلىق ئەۋلادلارمۇ يېتىشىپ چىقىۋېتىتۇ، — دېدى سالاپەتلىك، سېمىز كىشى يېنىدىكى چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان ھەمراھىغا قاراپ، ئاق چاچلىق كىشى ھەۋەسلىنىپ سورىدى.

— بۇ كىمنىڭ قىزىدۇ؟

— ئاتاقلىق ئۈزۈمچى زۇمرەتنىڭ قىزى! يولتۇز!

— نېمە؟ زۇمرەتنىڭ؟ — ئاق چاچلىق كىشىنىڭ كۆزلىرى ھاياجان ۋەھەيرانلىق بىلەن پارقىراپ كەتتى.

ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، — دېدى سېمىز كىشى، — زۇمرەت ئۆلمىدى، مانا قىزى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپتۇ!...

— راست دېدىڭىز، — ئاق چاچلىق كىشى ھەمراھىنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى، — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق يولتۇزلىرى ئەبەدىي ئۆچمەيدۇ!

1984 - يىل. دېكابىر.

# زۇمرەت

( شېئىر ۋە ھېكايىلار )

## توختاجى رۇزى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 7.875 قىستۇرما ۋاراقى: 1
1985 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى

祖米热提（维吾尔文）
托哈塔吉　著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行
新疆社会科学院印刷厂印刷
787×1092毫米32开本　7.875印张·1插页
1985年6月第1版　1986年1月第1次印刷
印数：1——3.000

书号：M10098.1042　定价：0.55元

书号：M1(
定价：